# پىچان تارىخى ماتېرىياللىرى

4 - قىسىم



پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ
ماتېرىياللار كومىتېتى

3

# پىچان تارىخى ماتېرىياللىرى

4 - قىسىم

پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخى

ماتېرىياللار كومىتېتى

مەسئۇل تەھرىرى ئابدۇرېھىم سەيپۇل

نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋە تەھرىرى مۇتەللىپ ھامۇت

تەھرىر ھەيئىتى: ئابدۇرېھىم سەيپۇل (مۇدىر)،
بەي ئىنرىن (مۇئاۋىن مۇدىر)
ھەيئەتلەر: مۇتەللىپ ھامۇت، ئەخمەت ھۈسەيىن
چاڭ زىنچاڭ

編撰出版好
县文史資料，为年
轻一代多提供一些
学习教育材料。

郭庆泰

一九九一年十月十日

ناھىيەمىزنىڭ تارىخى - ماتېرىياللىرىنى ئوبدان
يېزىپ، ۋە نەشر قىلىپ، ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەش،
ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن كۆپلەپ تەمىنلەيلى.

گوچىڭ تەي

10 ·10 ·1991

تارىخنى ئەينەك قىلىپ، دەۋ-
رىمىزنىڭ يېڭى تارىخىنى ياراتايلى

ئەلى ئابدۇگولى

1991 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

91.10.10

تارىخنى مۇبالىغىسىز، ئاز زېرىكمەي

قەدىرلەيدۇ، كەلگۈسى ئۈچۈن

يول ئاچالايدۇ !

ئابلەت رېشىت ئاخۇن .

٩١.١٠.١٠

تارىخ ۋە قەلەرزەتلىرى

ئەۋلادلارنى تارىختىن مەۋر-

لەندۇرۇش ئۇلارنىڭ نەزەر

دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ

ئابدۇكېرىم رەسۇل

1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# مۇندەرىجە

بىغىشلىمىلار:
پىچان خەلق ئەل نەغمىلىرىگە مۇقەددىمە .......................... ئەخمەت ھۆسەيىن ( 1 )
سەنئەت خەزىنىمىزدىكى تارىخىي مىراس، مىلىس .......................... شېرىپ نەمەت ( 27 )
پىچان خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى يادىكارلىق ئىزى «قىيىت» مەشرىپى .......................... ( 45 )
پىچان ناھىيىسىدە ھازىرقى زامان ئەدەبىي - سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى .......................... ( 67 )
«ھەزرىتى ئېلى قەدەم جايى» ۋە لەمجىن توغرىسىدا .......................... ياقۇپ يۈسۈپ ( 86 )
لەمجىن ئاستانە مەھەللىسىدىكى «قىسلاش غوجام» توغرىسىدا .......................... ( 96 )
لەمجىن ئاستانە «مەشەت غوجام» ۋە ئاستانە مەدرىسى توغرىسىدا .......................... (104)
پىچان بازار ئۇلۇغ تۇر مەدرىسى ۋە چوڭ مەسچىت توغرىسىدا .......................... (109)

پىچان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى ۋە بىزنىڭ چېلىشچى پالۋانلىرىمىز ................................. (115)

ياڭخىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر نەچچە قېتىملىق يېغىلىقلار توغرىسىدا ................................. (137)

1947 - يىلىدىكى پىچان دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئەسلىمە ۋە قوزغىلاڭغا قاتناشقان شەخسلەر ... (157)

تارىخىي ئابىدە — يەتتە يىگىت يەتتە قىزلار مازىرى ........................... تېيىپ پولات (167)

بىزنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىمىز ........................... (173)

تەگرى تاغدا باندىت تازىلاش...... سېتىنىياز تۇرسۇن (179)

ھۇرمەتلىك كىشى — ئىمىن زايىت .................. (194)

# پىچان خەلقىنىڭ ئەلنەغمىلىرىگە

# مۇقەددىمە

ئەخمەت ھۇسىيىن

پىچان ئەلنەغمىلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. چۈنكى بىزنىڭ ئانا تۇپرىقىمىز پىچان بىر قەدىمىي ماكان. كىشىلەرنىڭ ئېيتىمىشلىرىدىن قارىغاندا، پىچان خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى تارىم دەريا ۋادىسىدىكى «پىشامشان» دېگەن ئەلدىن بولۇپ، بۇندىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، تارىم دەرياسى قۇرۇپ، كىشىلەر تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ماكانىنى تاشلاپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئەنە شۇ كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمى پانالىق ئىزدەپ چىمەنتاغنىڭ① جەنۇبىدا بىلىكىران. شىمالىدا چوڭ ھەسسە ۋە كىچىك ھەسسە شەھەرلىرىنى بارلىققا

---

① چىمەنتاغ — ھازىرقى چۆلتاغنىڭ ئەسلىدىكى نامى. دېغار خەلقى بۇ تاغنى ھازىرمۇ چىمەنتاغ دەپ ئاتايدۇ. كېيىنكى رېئاللىقلار بۇ ماكانىنىڭ ئەسلىدىلا چىمەنزارلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. بۇ يەردە يەر ئۈستىگە تاغ بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆمۈر تاغلار مەۋجۇت.

كەلتۈرۈپ ماكانلاشقان. بۇ يەرلەردە بىر نەچچە زامانلار
ياشىغاندىن كېيىن يەر ئاستى سۈيىنىڭ چوڭقۇرلاپ، تۇپ-
راقنىڭ ئۇلپاڭلىشىشى (شورلىشىشى) بىلەن يەنە شى-
مالغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. شىمالغا كۆچكەنلەر
«بۇلان» ① شەھىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ شەھەرنى
قۇم باسقاندىن كېيىن بۇ شەھەردىن كۆچكەنلەرنىڭ بىر
قىسمى، پىچاننى «قېچىپ» چىققانلارنىڭ بىر قىسمى چىقتىمدا
«قىزىلقورغان» نى، بۇ يەردىنمۇ يىراققا كۆچكەنلىرى
تەڭرىتاغ ئىچىدە «توپۇلۇق شەھەر» نى بارلىققا كەلتۈر-
گەن. كېيىنكى چاغلاردا پىچان گۈللىنىشكە باشلىغان ۋە
زامانىمىزغىچە كىشىلەرگە ماكان بولۇپ كەلگەن. دېمەك
پىچان، «پىشامشان» دېگەن جاي نامىنىڭ تاۋۇش ئۆزگى-
رىش جەريانىنىڭ نەتىجىسى. «پىچان» ئاتالغۇسىنى «چى-
غىرىتماق» يەنى پىچەن، پىچەنزارلىق سۆزلىرىدىن كېلىپ
چىققان، يە بولمىسا، «پىنهان» دېگەن سۆز «پىچان» بولۇپ
قالغان، - دەپ قاراش هايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئە-
مەس. چۈنكى 1988 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ

---

① بۇلان باش شەھەر ياكى باشتىكى شەھەر دېگەنلىكتۇر. بۇلان شەھىرىنىڭ يەنە بىر ئېتى «فىششەهران » ئىكەن. دېمەك پىشەمشان، فىششەهران ئەڭ ئاخىرىدا «پىچان» دېگەن نام كېلىپ چىققان.

بىر گۇرۇپپىسى پىچانغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا دىغاردىن ئادەمنىڭ تاشقا ئايلانغان قو-ۋۇرغىسىنى تاپقان. مۇنداق تاشقا ئايلىنىش ناھايىتىمۇ ئۇزاق زامانلارنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغانلىقى ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. جۈملىدىن پىچان دې-گەن جاي نامىنىڭمۇ تارىخى ئۇزۇن، مىلادى 2 – 3 – ئەسىرلەردىلا خەنزۇ تارىخچىلىرى بۇ يەرنى «پۇچاڭ» دەپ ئاتىغان. «پۇچاڭ»، «پىچان» ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى كېيىنكىلىرى بۇ ئاتالغۇنى تېخىمۇ مۇۋاپىق ئاتالغۇ بىلەن ئاتاش ئۈچۈن «پىجيەن» گە ئۆزگەرتكەن. مەيلى «پۇچاڭ» ۋە مەيلى «پىچەن» دېيىلسۇن ئوخشاشلا «پىچان» دېگەن ئاتالغۇنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى دۇر. ①

پىچاننىڭ تارىخى ئۇزۇن بولغىنىدەك «پىچان ئەل-نەغمىلىرى»نىڭمۇ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ كەلگەن «پىچان مىلىس ناخشىلى-رىنىڭ ئېيتىلىش سەۋەبى» توغرىسىدىكى رىۋايەتتە: «بۇ ۋادىدا دەقيانۇس ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ھېساب-لاپ، – مەن دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، – دەپ جاكارلىغان ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا پاكىت

---

① «شىنجاڭ يىلنامىسى» گە قاراڭ.

قىلىپ شاھانە ئوردىسىنى ھەر ئاخشىمى كەچتە 24 مۇشۇك-نىڭ بېشىغا ئېلىپ قويۇلغان ئالتۇن شامدانلاردا يورۇتىدى-كەن، بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن گۇمانلىنىپ «ئۇنىڭ مۇشۇكلىرى ئۆگىتىلگەن» دېيىشسە، بەزىلىرى «ئۇ مۇشۇكلەر ئىلاھى سېھرى كۈچ تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. دەقىيانۇس ھەقىقەتەن ئۇلۇغ كىشى» - دېيىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن گۇمانلىنىدىغان تۆت نەپەر كىشى «مۇشۇك»لەرنى سىناش ئارقىلىق دەقىيانۇس-نىڭ «ئۇلۇغ» ياكى ئۇلۇغ ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆر-مەكچى بوپتۇ. ئۇلار پۇختا تەييارلىقتىن كېيىن بىر كۈنى كەچتە دەقىيانۇسنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئوردىغا كىرىپتۇ.

ئۇلار ھەشەمەتلىك زالنىڭ بىر تەرىپىدە 12 دىن، ئىككى تەرىپىدە جەمئى 24 زوك ئولتۇرغان مۇشۇكلەرنىڭ باشلىرىغا قويۇلغان ئالتۇن شامدانلاردا روشەن يېنىۋاتقان يورۇقلۇق ئارقىلىق زال ئىچى يورۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئەقىللىرى «لال» بوپتۇ. ئۇلار دەقىيانۇس بىلەن سۆھبەت-تە بولغاندىن كېيىن قايتىش ۋاقتىدا ئۇلاردىن بىر كىشى ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۇ يەرگە ئېلىپ كىرىلگەن 5 - 6 چە چاشقاننى زالنىڭ ئىچىگە قويۇۋېتىپتۇ. چاشقان-لارنى كۆرگەن مۇشۇكلەر بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ، بې-شىدىكى شامدانلىرىنى ئۇرۇپ چاشقانلارغا ئېتىلىپتۇ. كىر-كۈچلەر مۇشۇكلەرنىڭ «سېھرى كۈچ»نىڭ تەسىرى بىلەن

ئەمەس، ئۆز ئەركىنلىكى بويىچە ھەركەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز پەرەزلىرىنىڭ توغرىلىقىنى، دەقىيانۇسنىڭ ئۇلۇغ ئەمەسلىكىنى جەزىم قىپتۇ. بىراق، سىرىنىڭ پاش بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن دەقىيانۇسنىڭ ئۆزلىرىنى كەچۈرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئوردىدىن چىقىپلا قېچىپتۇ.

دەقىيانۇس كىرگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنى «شەرمەندە» قىلىش ئۈچۈن كىرگەن «سىنچىلار» ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بەرمىسە چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ رەسۋا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، لەشكەرلىرىگە ئۇلارنى تۇتۇپ ئالدىغا ھازىر قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

لەشكەرلەر پەرمانغا ئاساسەن ھېلىقى «سىنچى»لارنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلاشقا كىرىشىپتۇ. سىنچىلار قېچىۋېرىپتۇ، لەشكەرلەر قوغلاۋېرىپتۇ. نەتىجىدە سىنچىلار ئىدىقۇت تېغى تىزمىسىدىكى بىر ئېغىزغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

دەقىيانۇس لەشكەرلىرىدىن سىنچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارنى ئەمدى يەنە قوغلاۋەرمەي تاغ ئۈستىدە مەشرەپ ئويناپ ناخشا ئېيتىشنى بۇيرۇپتۇ. مۇشۇنداق قىلسا ئۇلار مۆكۈنگەن جايدىن چىقىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ ئۇلارنى يەنە يولغا ساپتۇ.

لەشكەرلەر پەرمانغا ئاساسەن ئۆز دەۋرىنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىنى توپلاپ تاغ ئۈستىدە مەشرەپ تۈزۈپ ناخشا ئېيتىشقا كىرىشىپتۇ. كىشىلەر بىر نەچچە كېچە - كۈندۈز

چىلىق بىلەن شۇغۇللانغان خەلق. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى چارۋىچىلىق ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئورگانىك رەۋىشتە باغلىنىپ كەتكەن. جۈملىدىن خەلقىمىز مىلىي ناخشىلىرىنى ئېيتقاندا چالغۇ ئەسۋابى سۈپىتىدە داپنى ئىشلەتكەن. مەلۇمكى داپ، ناغرا، غىجەك قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ يۈزلىرى ئوغلاق تېرىسى بىلەن يېپىلىدۇ. بۇ تۇرمۇش چىنلىقى پىچان خەلقىنىڭ ئەشۇ زامانلاردىلا مىلىي ناخشىلىرى ئېيتىشنى باشلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى دەلىللەيدىغان بىر پاكىت. ئىككىنچىدىن، مىلىي ناخشىلىرىنى ئېيتىش شەكلى بەكمۇ ئاددىي. 3، 4 يىگىت داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ. باشقا مەشرەپ ئەھلى بىر - بىرىگە پۇتا سېلىشىدۇ ۋە بېيىت ئېيتىشىدۇ. ئۆز ئارا پىرقىلاپ ئايلانغاندىن كېيىن، پۇتىنى ئالغۇچى باشقا بىرىنى پۇتىغا تەكلىپ قىلىپ، ئويۇن داۋاملاشتۇرۇلىدۇ... ئۈچىنچىدىن، مىلىي ناخشىلىرىنى «تۇرپان ئەلنەغمىلىرى»نىڭ ئاساسى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق مۇكەممەل نەرسە ئەڭ ئاددىي نەرسىلەردىن باشلىنىدۇ. مىلىي ناخشىلىرىنىڭ بېيىت - قوشاقلىرى ۋە ئاھاڭلىرىنىڭ ئاددىي - ساددىلىقى بۇ يەكۈننى دەلىللەشكە قادىر. تۆتىنچىدىن، بۇ ۋادىدا مىلىي ناخشىلىرىنى ئېيتىش ئومۇملاشقاندىن، مۇرەككەپلەشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئەينەن ئىپادىلەش ئۈچۈن يېڭى - يېڭى

ناخشا - قوشاق ئېيتىشقان بولسىمۇ قاچقۇن سىنچىلاردىن زادىلا دېرەك بولماپتۇ.

يەنە بىر گەپچە بۇ تۆتنەپەر كىشى ئەڭ دەسلەپتە تەڭرىنى ئىزدىگۈچى «ئۇلۇغ» لاردىن بولۇپ، ئۇلار دەقىيانۇس زامانىسىدىن 3 - 4 يۈز يىللار كېيىن «مۆكۈنگەن» جايدىن چىققانىش.

تۇيۇق خەلقى تا ھازىرغىچە كىشىلەر ئەينى زاماندا «قېشى قارا سەنەم»، «ۋاي - ۋاي سەنەم» دېگەن مىلىس ناخشىسىنى ئەنە ئاۋۇ تاغ ئۈستىدە ئېيتقان. ئەنە ئاۋۇ ئېگىز چوققا ئۇلار تاغنى كېچىسى يورۇتۇش ئۈچۈن ئوت ياققان «چىراغ» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ.

پىچان خەلقىنىڭ بۇ رىۋايىتىدىكى دەقىيانۇس— ئىسلام دىنى مۇھەممەت پەيغەمبەر تەرىپىدىن دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشتىن 1100 - 1200- يىللار بۇرۇنقى يەنى مىلادىدىن 5 - 6- ئەسىر ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆتكەن رېئال شەخس. گەرچە رىۋايەتنىڭ ئۆزى تارىخ بولمىسىمۇ، تارىخنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان رىۋايەتمۇ رىۋايەت ھېسابلانمايدۇ. بىز يۇقىرىقى رىۋايەتنى كېيىنكى تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، پىچان خەلقىنىڭ «مىلىس ناخشىلىرى» ئېيتىشنى مىلادىدىن 5 - 6 - ئەسىر بۇرۇنلا باشلىغانلىقىنى قەيت قىلىشقا ھەقلىقمىز، چۈنكى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىخچىلار ئىسپاتلىغىنىدەك چارۋـ

خەلقىنىڭ نەغمىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ھال ئىدىقۇت ناخشا ـ كۈيلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەنبەسى غول، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان يۈكسەك ئابرويغا ئىگە ناخشا ـ كۈيلەر ئىكەنلىكىنى ئىپتىراپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر ياخشى پاكىتتۇر.

كىشىلەر 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلتۈرگەن دەپ قاراۋاتقان مورتۇق (مورۇتلۇق) تىكى «بىزەكلىك» مىڭ ئۆيلىرىنىڭ 9 ـ ئۆيىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ بىر ـ سىدە ئويلىغان مۇزىكانتلارنىڭ قىمالىق، يەلىك، سوقما (ئۇرۇپ چېلىنىدىغان) سازلارنى تەڭكەش قىلىپ، نەغمە قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش سىزىلغان. بۇ رەسىمدە ئەكس ئەت ـ تۈرۈلگەن كۆرۈنۈش خىيالى ئەندىزىنىڭ ئەمەس، بۇ ماكان كىشىلىرىنىڭ رەسىم سىزىلىشتىن 1000 يىللار بۇرۇنلاررېئال ـ لىشىپ، سىستېمىلىشىپ، مۇقىملاشقان خەلق تۇرمۇشى بەدىئىي رېئاللىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. شۇڭا 981 ـ يىلى بۇ يەرگە كەلگەن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان سەيياھ ۋاڭ يەن دى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى نا ـ ھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى، چالغۇ ئەسۋابلى ـ لىرى خىللىرىنىڭ كۆپلىكىنى، چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىـ دە بارىبىت ۋە قالۇن قاتارلىقلار بارلىقىنى ئېيتقان. ۋاڭ يەندى يەنە ئىدىقۇت خەلقىنىڭ ئاغزىدىن ناخشا، قول ـ دىن داپ بىلەن دۇتارى چۈشمەيدۇ» دەپ مەدھىيىلىگەن.

چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىجاد قىلىنىشقا باشلىدى. نەتىجىدە مىلىس ناخشىلىرى ئەلنەغمىلىرىگە ئايلاندى. نەغمىلەرنى ئىپادىلەيدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ كۆپەيدى ۋە ئاستا - ئاستا مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق تارىخىي رىۋا- لىق بارلىققا كەلگەنلىكتىن مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن بۇ ماكانغا كەلگەن ئاتاقلىق دىپلومات جاڭچيەن 2 - قېتىملىق سەپىرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى) نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى، دورا - دەرمەك قاتارلىق- لار بىلەن بۇ يەرنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ۋە بۇ ئەسۋاب- لارنى چالالايدىغان كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئوتتۇرا جۇڭگوغا «مۇقدۇر نەغمىسى»نى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى لىيەننيەن، مۇقدۇر نەغمىسىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ 28 پارچە ئوردا مۇزىكى- سىنى ئىشلەپ چىقتى.

مىلادىدىن كېيىنكى غەربىي جىن سۇلالىسى (مىلادى 265 — 316 - يىللار) شەرقىي جىن سۇلالىسى (317 — 426 - يىللار) دەۋرلىرىدە قارا قۇرۇم ئوردىسى ئارقىلىق بۇ دىيارنىڭ ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى ئىچكى ئۆلكى- لەرگە كەڭ - كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى.

سۈي سۇلالىسى (مىلادى 581 - 618 - يىللار). تاڭ سۇلالىسى (مىلادى 618 — 908 - يىللار) دەۋرلىرىدە بۇ ما- كاندا داڭ قازانغان چوڭ تىپتىكى «ئىدىقۇت نەغمىسى» خەنزۇ-

نەتىجىدە بۇ يەرگە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتىلا كېلىپ ئۆز-
لەشمەستىن، بۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ كارۋان يولى بويى-
لاپ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشقا باشلىدى ...

مىلادى 1400 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇي-
غۇر ئىدىقۇتخانلىقى خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى بۇرۇلۇش
ياسالدى. بۇنىڭ سەۋەبى چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋ-
لادى توغلۇق تۆمۈر ئۆزلىرىگە (چاغاتايغا) تەۋە زېمىنلىرىنى
ئاساس قىلىپ «موغۇلىستان» دۆلىتىنى قۇردى. توغلۇق
تۆمۈردىن كېيىن تەختكە چىققان ئۇنىڭ ئوغلى خىزىر
خوجا (قىدىر خوجا) 1403 - يىلى «ئۇيغۇر ئىدىقۇتخانلى-
قى» يېرىنى ئۆز دائىرىسىگە قوشۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلى-
رىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدۇردى ......

موغۇلىستاننىڭ ئاخىرقى پادىشاھى مەنسۇرخان
(1503 - يىللاردىن 1543 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان).
ھۆكۈمرانلىق تەقتىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان
چاغلاردا ئۇنىڭ ئىنىسى سەئىدخان جەنۇبىي شىن-
جاڭنى ئاساس قىلىپ «سەئىدىيە سۇلتانلىقى» نى قۇر-
دى. 1533 - يىلى سەئىدخان ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇ-
رىشىتخان تەخت ۋارىسى بولدى (مىلادى 1510 — 1569 -
يىللار) بۇچاغدا مەنسۇرخان ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن
ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى زېمىنلىرىنى ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئەڭ
كەنجى ئوغلىنىڭ نامىغا ئاتاپ (بۇ چاغدا ئابدۇرېھىمخان

دېمەك، ئەنە شۇ زامانلاردىلا ناخشا ۋە مۇزىكا ئىدىقۇت خەلقى تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس مەنىۋى بۆلىكى بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى. مىلادى 845 - يىللاردىن مىلادى 1300 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن «ئۇيغۇر ئىدىقۇتخانلىقى» دەۋرىدە بۇ ماكاندا ئىلىم - پەن، تىبابەتچىلىك، نەققاشلىق، رەسساملىق، زىبۇزىنەتچىلىك، ھەيكەلتاراشلىق، توقۇمىچىلىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، ئەدەبىيات - سەنئەت تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ تەرەققىي قىلىپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. «سودا تىجارەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇ رايوندا مەشھۇر «يىپەك يولى» پەيدا بولدى. بۇ كارۋان يولى بويلاپ خىرىستىيان، مانى بۇددا قاتارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە تارقىلىشقا باشلىدى. سودا ۋە دىن مەدەنىيەت تارقاتقۇچى ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى (خەنزۇ مەدەنىيىتى)، يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، مىسوپوتامىيە مەدەنىيىتى ۋە كېيىنچە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ بۇ يەرگە تارقىلىپ، بۇ زېمىن قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان «تۆت كوچا» غا ئايلاندى. مەدەنىيەت ئالمىشىش نەتىجىسىدە بۇ زېمىن يەنە دۇنيانىڭ ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى، يەنى ئالتاي تىل سىستېمىسى، ھىند - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە خەنزۇ، تىبەت تىل سىستېمىسىنىڭ ئۇچراشقان ماكانى بولۇپ قالدى.

ئاق سەللە، يېشىل سەللە،

بىزارمەن تاماشىدىن. دەپ يازغان ئىدى.

ئۆزامانىغا خىتاپ قىلىپ ۋە ئۆز ئىرادىسىنى جاكارلاپ:

كەمبەغەل كىيىسە كۆلاھنى،

شەيخلىرنىڭ ئادەم ئەمەس.

ئۆلگىچە ئېيتسام مۇقامنى،

مەن ئۇچۇن ماتەم ئەمەس. دەپ يازغانتى.

مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە تەختكە چىققان ئابدۇرىشىتخان مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر پادىشاھ بولۇپ، كاتتا ھەربىي ئالىم ۋە مەشھۇرسىياسىئون بولۇشتىن تاشقىرى، ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق شائىرى، ئاتاقلىق كومپوزىتورى ئىدى، ئۇ شائىر ۋە كومپوزىتور بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئەلنەغمىلىرىنى چىن دىلىدىن سۆيەتتى. شۇسەۋەبتىن ئۇ خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنى، خوجا - سەئىد ۋە سوپا - ئىشانلارنىڭ خالىغانچە كەمسىتىشىگە، ھاقارەتلىشىگە چەك قويدى. خەلق سەنئەتكارلىرىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى.

ئابدۇرىشىتخاننىڭ مۇشۇ پەيتتە ئەسلىدە سازەندە بولمىسۇ، خوجا - سەئىدلەر دەستىدىن ھاقارەتلىنىپ ياقا جايلاردا سەرسانە، ۋەيرانە ھايات كۆچۈرۈۋاتقان، مۇزىكىنى تاشلاپ ئوتۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوتۇنچى مەھمۇتنىڭ قىزى — ئامانىساخاننى 7 -خوتۇنلۇققا ئېلىپ

تۇغۇلىغان ئىدى) ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتتى. نەتىجىدە شىمال بىلەن جەنۇب ئۇتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي تۇساق ئېلىپ تاشلىنىپ، بۇ ماكان بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندى. قويۇق دوستانە مۇناسىۋەت شەكىللەندى. جۇملىدىن ئىدى-قۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ تېخى يىقىلىشقا يۈزلەنمىگەن «ئىدىقۇت نەغمىسى» جەنۇبقا كەڭ - كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى ...

بۇ چاغدىكى جەنۇب ئۇيغۇرلىرى مىلادى960 - يىل-لاردىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغانلىق-تىن، ھاكىمىيەتنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر جەنۇب ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا - كۈيلىرىنى چەك-لەپ، يوقىتىشقا قاراپ يۈزلەندۈرگەن ئىدى. ناخشا - قو-شاق ئېيتقۇچىلار «جىن - شەيتان» لارياكى «مۇرتەدلەر، دەھرىيلەر» دەپ قارىلىپ ھاقارەتلەنگەنلىكتىن ناخشا - ئۇسسۇل مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر بۆلىكى بولۇشتىن قېلىش-قا باشلىغان ئىدى. ئەكسىچە سوپا - ئىشانلار يامراپ، ئۇ-لارنىڭ «ھەم - ھەم، ھەق دوست، يائاللا!» لىرى جاھان-نى قاپلىغان. قىدىرخان ياركەندىگە ئوخشاش مۇزىكا ئۇستىلىرى ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان ئىدى. شۇڭا قىدىرخان بۇزامانىنى سۈرەتلەپ:

كەچتىمەن زامانىڭدىن،
ياخشىكىم يامانىڭدىن.

كۆرسىتىدۇ. ①

دېمەك زامانىمىزدا ياڭراۋاتقان «ئون ئىككى مۇقام» پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق مۇقامى بولۇپ، ئاشۇ ئۇزاق قەدىمى زامان - زامانلاردىن، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەلق ئەلنەغمىلىرىنىڭ قوشۇلمىسىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق، مەنىۋى بايلىقى. «12 مۇقام»نى قوشنا ئىسلام ئەللىرىنىڭ تەسىرىدىن دەپ قاراش ئىسلام دىنىنىڭ چەكلىمىسىنى پەردازلاپ ئاقلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

كېيىنكى چاغلاردا «سەئىدىيە سۇلتانلىقى»نىڭ تەختىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئابدۇللاخان، ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ (ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇرەھىمخان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇرېشىتخان) ئۇ تۇرپاندا (توغرىسى پىچان لۈكچۈندە) تۇغۇلغان ئىدى. ئۇندىن كېيىن ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولۋاسخان، ئۇندىن كېيىن ئابدۇللاخاننىڭ 5 - ئىنىسى ئىسمايىلخان. ئۇندىن كېيىن (خوجا سەئىدلەر زامانىسىدا) ئىسمايىلخاننىڭ ئىككىنچى ئاكىسى — مەنسۇرخاننىڭ ئوغۇللىرى: ئابدۇرېشىتخان، مۇھەممەت ئىمىنخان،

---

① مەقەم بىلەن مۇقام ئەسلىدە بىر سۆزمۇ، ياكى تۇرپان تىلىدا مۇقام سۆزى — مەقەم بولۇپ قالغانمۇ ياكى مەقەمدىن مۇقام كېلىپ چىققانمۇ، تىلچى ئەپەندىلەرنىڭ تەتقىق قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. (ئاپتور)

پايتەختتە كۆچۈرۈپ كېلىشى خەلق سەنئەتكارلىرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئابدۇرىشىتخان ئامانىساخانغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئوردىدا قىدىرخان يار كەندى باشچىلىقىدا ئوردا سەنئەت ئۆمىكىنى قۇردى. ياقا يۇرت - ماكانلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئاتاقلىق سازەندىلەرنى ئوردىغا چىللىدى. جاي - جايلاردىكى ئاتاقلىق ئەلنەغمىچىلەرنى ياركەنتكە ئەكەلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن مەشھۇر ئىدىقۇت نەغمىسىنى، ئۇيغۇر غول نەغمىسىنى، بەشبالىق نەغمىسىنى، كۇچا نەغمىسىنى، قەشقەر نەغمىسىنى چالغۇچى ۋە ئېيتىقۇچى ماھىر ئۇستىلار بىر يەرگە جەم بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پادىشاھ ئابدۇرىشىتخان خانىشى — ئامانىسا بىلەن قىدىرخانغا زامان - زامانلاردىن بۇ ماكاندا ئېيتىلىپ، چېلىنىپ كەلگەن خەلق ئەلنەغمىلىرىنى رەتلەپ بىر مەقەمگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ پەرمان مۇناسىۋىتى بىلەن قىدىرخان بىلەن ئامانىساخان ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئەلنەغمىچىلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇردى ئاخۇن ئاكا زامانىمىزغا ئۇلاشتۇرغان مەشھۇر 12 مۇقامنى رەتلەپ چىقتى.

«مەقەم» نىڭ تۇرپان تىلىدىكى ئۇستىھال مەنىسى — «قېلىپ»، «ئۆلچەم» دېگەنلىك بولۇپ ناخشىنىڭ بېشى قايسى مەقەمدە باشلانسا ئاخىرىمۇ شۇ قېلىپ، شۇ ئۆلچەم دائىرىسىدىكى ناخشا - كۈيلەردىن ھالقىپ كەتمەسلىكىنى

ياسىخان، نۇرنىسا ھېكىم ئاغىچا ... (1762 - يىلدىن 1900 - يىللارغىچە) ئىلىدا ھۆكۈمرانلىق تەختىدە بولدى. ھۆكۈمرانلار تۇرپاندىن (توغرىسى پىچان لۈكچۈندىن) بولغانلىقتىن، پىچاننىڭ ناخشا - قوشاق، ئەلنەغمە، مۇزىكا مۇقاملىرى پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ - كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى... دېمەك، بىزنىڭ يۇرتىمىز مىلادىدىن بۇرۇنقى دەقيانۇس زامانىسىدىن 1900 - يىللارغىچە خىلمۇ - خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېقىنقى ئىران، تۈركىيە، ھىندىستان، ئەرەبىستان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۈركى خەلقلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىتتىپاقداش (رېسپوبلىكىلىرىغىچە، يېقىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە ئۆزىنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى كەڭ - كۆلەمدە تارقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان جايلارنىڭ بىرى. كىشىلەرنىڭ «تۇرپان ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ كانى» دەپ تەرىپلىشى ئاساسسىز داۋراڭ ئەمەس...

بىزنىڭ زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ قالغان «مەشلىس ناخشىلىرى» 12 تۈرلۈك بولۇپ، ھەر بىر تۈر بىر نەچچە خىل ئۆزگىرىش ئاھاڭلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناخشا تۈر ناملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ۋاي - ۋاي سەنەم. 2. مەستان يار. 3. شەرۋازام. 4. يۇمىلاق جوگان. 5. ئەي بالا يارەي. 6. ئاللا بىر قەدەھ. 7. سەچمە يار. 8. ھەي نەزەر. 9. ھەي -

مۇھەممەت مۆمىنخان (ئاقباشخان)لارنىڭ ھەممىسى تۇرپاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر ئىدى. ① بۇ زامانلاردىمۇ شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى توختاپ قالغان ئەمەس...

1762 - يىلى تۇرپان ئاستانە يېڭى تۇردا ئولتۇرۇشلۇق، ئەسلى زاتى خوجا - سەئىدلەردىن بولغان ئىمىن خوجا (ئۇنىڭ ئاتىسى نىياز خوجا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىر ھەبىبۇللا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىر قاسىم، ئۇنىڭ ئاتىسى مىر مەختۇم دانى، ئۇنىڭ ئاتىسى مىر ۋەلى، ئۇنىڭ ئاتىسى قۇتلۇق قاراخان (ھازىرقى نامى قاراغوجا)، مانجۇ سۇلالىسىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرپان، پىچان، چاقىلىق، توخسۇن قاتارلىق جايلارنىڭ جاساق بېگى بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن: ئىسكەندەر، يۇنۇس، نەۋرىسى مۇھەممەت سەئىد، ئەۋرىلىرى: زوھۇردۇن، ئەپىردىن قاتارلىقلار ئىلگىرى - ئاخىر (1772 - يىلدىن 1865 - يىلغىچە) قەشقەردە (توغرىسى يەكەندە) ھۆكۈمرانلىق تەختىدە بولدى. يەنە شۇ ئىمىن خوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن مۇسا بىلەن ئەۋرەگىزىپ (ھازىرقى غۇلجىدا ئۆزلەشكەن نامى — ئۇدائىزىپ). ئەۋرەگىزىپنىڭ بالا، نەۋرە، ئەۋرە، چەۋرە، كۆك نەۋرە قاتارلىقلىرىدىن: مىلىكىزاد، خوشنىزاد، خالزاد، مەزەمزاد، ئىل-

① «چىنگىزنامە»گە قاراڭ.

قىلىپ[1] مۇقام ۋە ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئورۇنلاش كەڭ تۇر-
دە ئومۇملاشقان. شۇڭا بۇ يەردە سۇنايچى بولۇش ئۈچۈن
مۇقامنى بىلىشى كېرەك. مۇقامنى بىلمىگەن سۇنايچى كى-
شىلەرنىڭ نەزىرىدە سۇنەيچى ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا مۇقام-
غا تەڭكەش قىلىپ ناغرا چالغۇچىلارمۇ، دۇم (چىكىت)،
يالاڭ دۇم (يالاڭ ،يالغۇز، چىكىت) قوش دۇم (قوش
چىكىت)، جولا. شادىيانە قاتارلىق پەدىلەرگە ناغرا چا-
لالايدىغان بولۇشى لازىم.

يېچان، مۇقام ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئەشۇ ئۇزاق ئەسىر-
يىللاردىن تا بۈگۈنكى زامانىمىزغىچە ئەۋلادتىن - ئەۋ-
لادقا ئۆتۈپ ساقلىنىپ قالالىشىدىكى بىرلا سەۋەب ئۇنىڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇشى بىلەن ئورگانىك
رەۋىشتە زىچ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىدىن دېگەن بىرلا يە-
كۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ھەر بىرخەلق
سورۇنى جۈملىدىن توي - تۆكۈن، قەيىت مەشرىپى، قاتار
مەشرەپى، مايسا مەشرىپى، سارا (نورۇز بايرىمى) مەش-
رىپى، يېقىنقى چاغلاردىكى 40 كۈنلۈك مەشرەپ (3 -
ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولىد-
غان)، 90 كۈنلۈك مەشرەپ (9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن

[1] 40 كۈنلۈك، 90 كۈنلۈك مەشرەپلەر سۇلتان مامۇت (1883 —
1900 - يىللار) دەۋرىدە يولغا قويۇلغان ئوردا مەشرەپلىرى.
(ئاپتور)

ھەي يەلەك (ئۆلەن). 10. كۆليار. 11. زىنۋا يار (زىلۋا). 12. تەقدىر تىلەك. ئۇندىن باشقا («بوز تورنا») دېگەن يەنە بىر تۈرىمۇ بولغان ئىكەن.

يۇرتىمىزدا كېيىنكى چاغلاردا ئېيتىلىپ كەلگەن مۇقام ناملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. راك (رەك)، 2. ئەششاق، 3. ناۋا، 4. پەنجىگاھ. 5. مۇشاۋىرەك 6. بايات، 7. چەبايات، 8. خارابىگىمەن. 9. سابا، 10. كۆليار، 11. چاھار گاھ، 12. دۆلان. ئۇندىن باشقا ئۆز ھال، ئىراق دېگەن مۇقاملارمۇ ئېيتىلغان. ھەر بىر مۇقام: مۇقام، باش دۈم، يالاڭ دۈم، قوش دۈم. جۇلا. چوشۇرگىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جەمئىي 400 دىن ئارتۇق ئاھاڭ ۋە ناخشىدىن ئىبارەت ئىكەن.

بۇ ماكاندا مۇقام ئېيتقۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇقامنى ساتار بىلەن ئورۇنلىغان. مەشرەپ قىسمىنى داپەندىلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بىرلىكتە ئورۇنداپ كەلگەن.

يەنە بىر قىسىم ئاز ساندىكى مۇقامچىلار مۇقامنى، تەمبۇر، دۇتار بىلەنمۇ ئورۇنلىغان. مەشرەپنى داۋاملاشتۇرغاندا شارائىت يار بەرسە، غىجەك، چاڭ، نەي، داپ، راۋاپ قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىمۇ تەڭكەش قىلغان.

بۇ يەردە توي - تۆكۈنلەردە مۇقامنى ئورۇنلاشتا سۇناي بىلەن ناغرىنى ياكى سۇناي بىلەن داپنى تەڭكەش

تالىنىڭ لوتىسىدىن چىقىرىلغان لېيىر (پى - پى) چېلىشتىن باشلاپ، باشتا قۇمۇشتىن ياسالغان نەيگە، ئاخىردا سۇنايغا كۆچكەن. قىزلار كىچىككىدىنلا قوناق شېخىنى دېڭىلىتىشتىن قوۋۇزچېلىشقا ئۆتكەن ...

ھەر بىر خەلق سورنىنى ناخشا - قوشاقسىز ئۆتمىگەنلىكتىن مۇنداق سورۇنلار ئۆزلۈكىدىن ئىجادىيەت ئالماشتۇرىدىغان سەھنىگە ئايلانغان. كىمكى بىر ياخشى ناخشا ياكى يېڭى بېيىت - قوشاق ئىجاد قىلسا، سورۇندا ئېيتىلغان ھامان ئۆزلىرى بىلىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا سورۇنلاردىمۇ ئېيتىپ باشقىلارغا كەڭ - كۆلەمدە تارقىتىش رولىنىمۇ ئوينىغان. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە ئالدىنقىلاردىن كېيىنكىلەر ئۆگىنىپ خەلق مۇقام، ئەلنەغمىلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا كۆچۈپ كېلىۋەرگەن.

تارىخىمىزدىن قارىغاندا، خەلق ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى ئاستا بولغان، ئەمما ناخشا تېكىستلىرى بولسا، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، زامان ۋە شارائىتقا ماسلىشىپ تا بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن.

خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن باي بولۇپ، ئۇنىڭدا، ئەدەب - ئەخلاق، ئار - نومۇس، مېھرى - مۇھەببەت، ئىلىم - مەرىپەت، دۈشمەنلەرگە بولغان غەزەپ، نەپرەت، ئەل يۇرت، خەلققە بولغان چىن مۇھەببەت، خەلقنى ھۆر ئەركىنلىككە، ئىتتىپاقلىققا ئىنتىلدۇرۇش، ئەم-

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان)①، چىل-
لاق مەشرىپى (توي قىلغۇچى يىگىتنىڭ مەھەللىسىدىكى
يىگىت باشلىرى ۋە ئوتتۇز ئاتلىق يىگىتنىڭ ھەمراھلىقى-
دا مەھەللە ـ مەھەللەرگە بېرىپ 3 كۈندىن 4 كۈنگىچە
ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپ، بۇ مەشرەپتە كۆپ ھاللاردا سۇناي
بىلەن داپ تەڭكەش قىلىنىدۇ. ۋەياكى بولمىسا، كىشىلەر
سورۇننىڭ تەلىپى بويىچە مىلدىس ناخشىلىرى ئېيتىلىپ
پۇتا ئويلىنىدۇ.) ئوغلاق تارتىشىش، يىغىش (چېلىشتا زور
چىققانلارنى تەبرىكلەش) مۇناسىۋەتلىرى بىلەن
ئۆتكۈزىلىدىغان مەشرەپ ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناخ-
شا ـ كۈيسىز ئېلىپ بېرىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئېتىزلاردىمۇ چاغلام ناخشىسى، ئوما ناخشىسى، خامان
ناخشىسى، ھارۋىكەش ناخشىسى ... توختىماي ئېيتىلىپ كەل-
گەن. ھەتتا روھانىي پىرخۇنلار پىرە ناخشىلىرىنى ئېيتسا،
بۇۋىلەر مۇناجەت، قارى سوپىلار ھۆكمەت ئېيتىشقان. دې-
مەك، ھەر بىر خەلق سورىنى ئۇستازلارغا مۇنبەر، ھە-
ۋەسكارلارغا دەرسخانە بولغان.

بۇ ناخشاخۇمار خەلق باللىرىنى كىچىكىدىنلا مۇ-
زىكىغا ئاشىق قىلىش ئۈچۈن چوكا تۇتالايدىغان بولغان-
دىلا غىدىرنى، بىر ئاز چوڭلىرىغا تەشتەكنى ناغرا قى-
لىپ يېپىپ بەرگەن، قولى كۆنگەندىن كېيىن دۇتار، تەم-
بۇر، ساتار چېلىشنى ئۆگەتكەن. سۇنايچىلەر ئېشنى

ئۇقلىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ،
زامانەڭنى تار.
بەگلىرىڭنى ئەت ياراتتىڭ،
ئادەمىڭنى خار.
تۈلكىلەرنى تەيجى قىلدىڭ،
مۈشۈكلەرنى كا. (ر)
ئېشىكىمدىن ئالدى چۈجەك.
قاناتى يوق سا.
دارىن بىلەن ئامبال دېگەن،
ئەلنىڭ دۈشمىنى.
هارام دېمەيلا يەر ئىدىم،
ئۇلارگۈشىنى.

ئۇندىن باشقا بۇ ماكاندىن پۈتۈن ئەلنى هۆر ئەر- كىنلىككە، ئىتتىپاقلىققا چاقىرىدىغان:

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ،
باشقا سانچىلاي دەيدۇ.
«يارىم» نىڭ كۆيۈك ئوتى
تەنگە يامىشاي دەيدۇ.
ئاچىل، ـ ئاچىل، گۈل ئاچىل،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا؟!

دېگەن «ئاچىل» ناخشىسىنىڭ پۈتۈن رايونىمىزغا تارقىلىپ ئەينى زاماندىكى خەلقىمىزنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترەت

ىگەكنى. ئەمگەكچىلەرنى سۆيۈش، ھورۇنلۇق، يالقاۋلىققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق باي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

تۆۋەندىكى ناخشىدا ئەل - يۇرتقا ۋە خەلققە بولغان مېھرى - مۇھەببەت ۋە چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

يېڭى ئۈنگەن كۆك قومۇشتەك،
قېشىڭىزنىڭ قاراسى.
شۇنچىزا يىراق بولۇرمۇ،
ئىككىمىزنىڭ ئاراسى.
ئىككىمىز ئاراسىدا،
يۇرەكلەر بولدى كاۋاپ.
شىشىدەك بۇيۇڭنى كۆرۈپ،
«مەككە» دەپ قىلدىم تاۋاپ.
مەن مەككىگە بارمايمەن،
بۇ يەردىمۇ مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۈندە كۆرسەم،
مەككىگە بارغانچەبار.

تۆۋەندىكى ناخشىدا زالىم بەگلەرگە، خوشامەتچى تەيجى ۋە زالىم ئەمەلدارلارغا لەنەت - نەپرەت ئوقۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادە، ئۈچمەنلىكى مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

51. مۇھەممەت سىدىق بەگ. 52. سەيپۇل (ئىمام). 53.
ئابدۇللا. 54. موسا. 55. تومىياز. 56. ئىبراھىم (پەيتۇ
تۇرپاندىن). 57. روزى. (جەردە. تۇرپاندىن). 58. ئىسما-
يىل (تۆرۈك، تۇرپاندىن). 59. تۇردى (تۇرپاندىن). 60.
تاھىر (سۇنايچى، تۇرپاندىن). 61. پەيزۇل (قۇشقاچ.
تۇرپاندىن). مەتنىياز موللا (تۇرپاندىن). ئۇنىدىن باشقا
ھۇسىيىن (ئىمام). جىنايىت ئۇستا قاتارلىق خەلق داس-
تانچىلىرىمۇ ئۆتكەن. يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ھازىر
ھاياتلىرى: مەتنىياز (شەلەگزە 80 ياشتا)، شىرىپ ئۇستا.
(سۇنايچى) 78. ياشتا بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ
يۇلتۇزلىرى ئۆچكەن...

دېمەك، ئۇزاق ئەسىر- يىللاردىن بۇيان، «راست
قوللۇق، راست سۆزلۈك، پۇختا ۋە پىششىق، ھىلە - مى-
كىرى خىيانىتى يوق، ئەقىدە ئىخلاسلىرى ساپ» ئەمگەك-
چان خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ئۈمىدلىرىنى،
تارتقان ئازاب، كۈلپەتلىرىنى قىسقىسى سۆيگۈ ۋە نەپرىتىنى
ساتار بىلەن دۇتارنىڭ، تەمبۇر بىلەن راۋاپنىڭ، سۇناي
بىلەن ناغرىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىگە قوشۇپ تا بۈگۈنكى
زامانىمىزغىچە ياڭرىتىپ كەلدى، ئىشىنىمەنكى ئەگەر يۇر-
تىمىز، ئەۋلادىمىز مەۋجۇتلا بولىدىغان بولسا، خەلقىمىز-
نىڭ ئۆلمەس، قېرىماس، ئۆچمەس، تۈگمەس ناخشا كۈي-
لىرى يەنە قانچە زامان، قانچە دەۋرلەرگىچە ياڭرىغۇسى.

كىنى ھەممىگە ئايان بىر پاكىت...

يېقىنقى زاماندا ماكانىمىزدا مۇقام ۋە ئەلنەغمىلىرىنى ئېيتىپ داڭ چىقارغان كىشىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئىلنىياز (شېخ)؛ 2. جانار (ساتارچى)؛ 3. ھاسان؛ 4. خوزىماخان (ماجان بىلەك). 5. كامىل (قېزى). ھاسان (بالا.) 7. نەمەت (بالا.) 8. نەزەر (توكولۇك). 9. ئابدۇل (بالا). 10. توختى (بور). 11. تېيىپ ئۇستا (تاز). 12. قاسىم (چىۋىش). 13. سىدىق (ساقال). 14. ئەخمەت (ياماق). 15. ھۆسەن (گەيجاك). 16. توختى (دۆم) 17. ئەمەت (پەمباش). 18. مامۇت (چىلەك). 19. جىنايىت (يودو). 20. ساۋۇت ئۇستا. 21. ساۋۇق، ئۇستا. 22. نۇر (سۇۋاك). 23. ئىسمايىل (مەزىن). 24. ئۇسۇپ (پەمباش) 25. تۆمۇر (سۇنايچى). 26. سەمەت (ئۇستا). 27. گاجىت (قوتۇر). 28. خېلىل ھاسان. 29. خالىق شايىت. 30. نايىت (ئاقچاپان). 31. ئۇسوپ ئىسمايىل. 32. خۇدابەردى. 33. مەڭلىك (ئۇستا). 34. ھەمدۇل (پەيجاك). 35. ھوشۇر (پەرەڭ). 36. سېتى (داخەن). 37. توختىنىياز (قاپ). 38. ئابدۇل شېخ تۆمۇر. 39. نىياز (كاتتاك). 40. سەلىم ساتارچى. 41. ئىلى (شەيتان). 42. ئابدۇقادىر (پالۋان). 43. توختى روزى. 44. سەيپۇل (شېخ). 45. نىياز مۇتىپ. 46. ئىمىن (شېخ). 47. سەيدۇل (شېخ). 48. مەتنىياز (شەلەڭزە). 49. شىرىپ ئۇستا. 50. نىياز (چېكە).

# سەنئەت غەزىنىمىزدىكى تارىخىي مىراس — مىلىس

شىرىپ نەمەت

گۈللەر ئېچىلار ھەر يىل،
گۈلگە تەشنادۇر بۇ دىل.
بىكار ئۆتمىدى ياشلىق،
ئوغۇللار-قىزلار بۇنى بىل.

— جىنايەت ساناۋەرچى

بۇ ناھىيىمىزنىڭ تۇيۇق يېزىسى مازار ئالدى مەھەللىسىدە «ساناۋەر» داستانىنى ئۆمۈرۋايەت ئېيتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن سەنئەت پىشۋاسى جىنايەت ئاكىنىڭ يۈرەك سۆزى.

سەنئەت خۇمار، ئىجادچان پىچان خەلقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەل نەغمە غەزىنىگە ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان. ناھىيىمىزنىڭ پېشقەدەم سەنئەت پىشۋالىرى: «تۆھپە كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىزدىنىشچانلىقى، ئىجادچانلىقى بىلەن تۆكۈلگەن ماڭلاي تەرىنىڭ ئەجرىدىن كېلىدۇ»،— دەيدۇ.

«مىلىس» ناھىيىمىزنىڭ سەنئەت گۈلزارىدىكى ئەنە شۇنداق

بىزنىڭ ناخشا- كۈيلىرىمىز شۇنداق بىر ئەزىم دەر- ياكى ئۇنى كىشىلەر ئۆزلىرىگە بۆلگەنسېرى تارماقلىرى كۆپىيىدۇ. ئۇنى ئىچكەنلىرى ياشىرىدۇ. ئۇنى ئېيتقانلىرى ئۆلمەيدۇ. خەلقىمىزنىڭ خىسلەتلىك قامۇس يۈرەكلىرىدە ئەبەدى ساقلىنىدۇ.

خىل سەنئەت شەكىللىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئىستېمالدىن قالدى. ۋاقىت رەھىمسىز بولسىمۇ تارىخ ئادىل ئىكەن. بىزنىڭ خەلقىمىز ئالەمچە ئىشتىياق، جاھانچە ئىپتىخار، تەڭداشسىز مەغرۇرلۇق بىلەن بىزگە ئۆزلىرىنىڭ ۋەسىقىلىرىنى قالدۇردى. خەلقىمىزنىڭ بۇ كۈيلىرى قانغا سىڭگەن، دىلغا نەقىشلەنگەن، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ھەۋەسلىرىنىڭ مەھسۇلى. چۈنكى كۈي سېزىمى ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلاپ ئالىدىغان كىشىلەردە ئەمەس ئۆز بەختىنى كۈي سېزىمى بىلەن ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان باتۇر سەنئەتكار خەلقىمىزدە.

مەن كىتابخانلارغا تونۇشتۇرماقچى بولغان «مىلىس» قۇلاققا خوش ياقىدىغان، جاننى راھەتلەندۈرۈپ كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان روھىي ئوزۇق جەۋھەرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## مىلىس

«مىلىس» پېچان دېھقانلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بىرى توي مۇراسىملىرىدا ئېيتىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى فېئودال ھۆكۈمران كۈچلەرسىز ھەر كىم (دېھقان ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر) ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئېلىپ بارىدىغان تاماشا تۈرى. ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلىك مەنىۋى ھاياتىغا روھىي ئوزۇق بولۇپ كەلگەن.

1950 - يىلى «مىلىس» نىڭ تارىخىي ھەققىدىكى ئىزدىنىشكە كىرىشىپ، پېچان ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى جاي-

بىر ئىجادىي نامايەندە بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ باشقا يەر-
لىرىدە يوق مىللىي مەشرەپ شەكلى. مىلىس ئەينى ۋاقىت-
دا ياشلارغا ۋە پۈتۈن ئەمگەكچىلەرگە مەنىۋى ھوزۇر بې-
غىشلاپ، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەشنىڭ روھى ئوزۇقى
بولغان ئىدى. كەڭ ياشلارنى ئەمگەكنى، گۈزەللىكنى،
ساپ مۇھەببەتنى سۆيىدىغان، فېئودالىزمنىڭ ئىسكەنجىلىرى-
گە قارشى ۋە تۈرلۈك رەزىللىكلەرگە قارشى روھتا تەر-
بىيىلىگەن قورال بولغان ئىدى.

مەن 30 نەچچە يىللىق سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان ھاياتىمدا كىشىلەرگە روھى ئوزۇقا بولغان بۇ مىللىي مەشرەپ شەكلىنى بىرەر مۇزىكا ئوبزورچىسىنىڭ تىلغا ئېلىپ، سەنئەت تارىخىمىزنىڭ سەھىپىسىدىن «مىلىس» دېگەن ئىسمىنى قوللانغانلىقىنى ئۇچراتمىدىم. شۇڭا ئەجداتلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاجىز سەۋىيەم بىلەن «مىلىس» ھەققىدىكى بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم.

بىزنىڭ ناھىيىمىزدە كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان مىلىس مەشرىپى، قېيىت مەشرىپى، 12 مۇقام، ناغرا-سۇناي مەشرىپى، نورۇز مەشرىپى، ئەل-نەغمە مەشرىپى، ياش يىگىتلەرنىڭ تويىغا چىللاش (تەكلىپ قىلىش) ناخشا پائالىيىتى، چاغلام ناخشا پائالىيىتى، ئوت ناخشا پائالىيىتى، يىپ ئىگىرىش ناخشا پائالىيىتى قاتارلىق كۆپ خىل سەنئەت پائالىيەتلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ھازىر بۇ

رومىلخان، ئىبراھىم تۇقماق، يۇسۇپ سۇنايچى، ئىدرىس بەگ، ئەكبەر داگوت (بۇ كىشىلەر دالان كارىز-لىق).

قادىر كامىل، ئىبراھىم شائىجاك (بۇ كىشىلەر دى-ڭارلىق).

ئاۋۇت توك، ھوشۇر جىنايىت، ئىمام ئۆمەر، مەتنىياز كاكچا، سەيدۇل بەش تام، يۇسۇپ سۇنەيچى (بۇلار لۇك-چۇن بازارلىق)

رەجەپ چائخۇ، مۇھەممەت راشىدىن، سېتنىياز ئىبرا-ھىم، غوجامنىياز كېرەم، سادىل كىبۇر جامال مۇجاك، رەھمۇتول ئاكا (بۇ كىشىلەر لەمجىن يېزىلىق).

تۇرسۇن ئەۋيت، ھىسامىدىن، ئىلىنىياز ناۋاي (شائ-جاك)، ئابدۇرازاق ھامۇت، تۇرسۇن مامۇت، ئەخمەت ئىبرا-ھىم، ئەبەيدۇل، سىراجىدىن تەمبۇرچى، سەيدۇل موزدۇز، شا توختى (بۇ كىشىلەر پىچان يېزا ۋە پىچان بازارلىق).

يۇقىرىقى كىشىلەر «مىلىس» ناخشا ئاھاڭلىرىنى ھا-زىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە.

«مىلىس» مەشرىپىنىڭ كېلىپ چىقىشى. مىلىسنىڭ كېلىپ چىقىشى بايانىدا مۇنداق رىۋايەت بار:

دەقيانۇس زامانىسىدا ئېدىقوت شەھرىدە ئۆزىنى «خۇدا» دەپ خەلققە جاكارلىغان «دەقيانۇس» كىشىلەر-نى ئۆزىگە ئىشەندۇرۇش مەقسىتىدە مەخسۇس تەربىيىلىگەن

لىرىدىكى مىلىسچىلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پېشۋالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ چىقتىم. بۇ كىشىلەر مۇنۇلار:

موتىۋيوللا بوۋا. 100 ياشتىن ئارتۇق ياشىغان. (لۈكچۈن بازار 4 كوچىلىق) ھاسان ماپىچى (ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خىزمەتچىسى، لوكچۈن دېھقان سولىق) مېمىن مەزىن (پىچان بازىرىدىكى چوڭ مىچىتىنىڭ مەزىنى)؛ توختىنىياز قوزۇق (پىچان چوڭ كۆۋرۈكلۈك)، ئابدىگايىت نەزمەچى — تۇيۇق مازار ئالدىلىق، سىيىت چاڭخۇ — پىچان ئاراللىق، مىجىت مۇجاڭ — خاندۇ كارىزلىق، توختى روزىباقىلاردىن ئىبارەت. بۇ كىشىلەر «مىلىس» ئويۇنىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىدى.

«مىلىس» ئازادلىقتىن كېيىنمۇ يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش باسقۇچىغا قەدەر داۋاملاشقان.

«مىلىس» ناھىيىمىزنىڭ بارلىق يېزا - مەھەللىرىدە ئومۇملاشقان بولۇپ ئۇنىڭ توققۇز تۈرلۈك ئاھاڭى ئۆز ۋاقتىدىكى تېكىستى بىلەن (نەزمە - قوشاق) ئېيتىپ بېرەلەيدىغان پېشقەدەملەر يەتتە يېزا، ئىككى بازار، تەۋەسىدە 100 دىن ئارتۇقى بار. بۇ كىشىلەر مۇنۇلار:

سەيدۇللا مەرۇپ، سەيدۇل توختى، ناسىر قۇربان، ئەسەت سوچى، لىتىپ شالدىر، راخمان كېرەم بۇ كىشىلەر تۇيۇق يېزىلىق.

ئىسمائىل مايىزىن، ئىسمايىل سوۋاڭ، ياقۇپ سۇنەيچى،

دەپ ئاياللار ئەرلەرنى پوتىغا تەكلىپ قىلىش ئويۇنىنى قوللانغان ئىكەن، بۇ غايىپ بولغۇچىلارنىڭ شۇ يوقالغانچە ئىز - دېرىكى بولمىغان. بۇنىڭدىن زېرىككەن پادىشاھ نەۋكەرلىرى قايتىپ كېتىپتىكەن. شۇندىن كېيىن خەلق ئاممىسى توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا تاماشا قىلايلى دېسەك، ۋاڭ - غوجىلار زېرىكىپ كۆزگە ئىلمىغان «مەلىس» ناخشىسىنى ئېيت دەپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

ئەينى تارىخىي يىللاردا ناغرا - سۇناي قاتارلىق نەغمە - ناۋا سازلىرىنى ۋاڭ - غوجىلار، يۇرت ئەمەلدارلىرى كونترول قىلىۋالغاچقا، پۇقرالارنىڭ بۇلاردىن پايدىلىنىشىغا يول يوق ئىدى.

## مەلىسنىڭ يولغا قويۇلىشى، ئېيتىلىش ئۇسۇلى ۋە دائىرىسى

مەلىس يېڭى ئېيتىلىشقا باشلىغان ۋاقىتلاردا، خۇشاللىق ۋە ھېيت كۈنلىرىدە تاماشا ھەۋەسكارلىرى مەلۇم بىر ئورۇنغا يىغىلىپ، ئويناپ كەلگەن بىر شادلىق ئويۇنى ئىدى. كېيىنچە قىز - يىگىتلەر توي قىلغاندا ئوينايدىغان مەشرەپكە ئايلاندى. بۇ مەلىس مەشرىپىنىڭ بۇرۇن تۈيۈقتىن باشلانغانلىقى مەلۇم. چۈنكى، ھېلىقى «دەقىيانۇس» دىن قېچىپ كەلگەن قويچىلار كىرىۋالغان غار تۈيۈق يېزىسىدىكى بىر غار دېگەن رىۋايەت مەلىسنىڭ

مۇشۈكنىڭ بېشىدا چىراغ ياندۇرۇپ قويۇپ ئويۇن ئويناي-
دىكەن. كىشىلەر، «راس بۇ خۇدا ئىكەن، بولمىسا، مۇشۈك-
نىڭ بېشىغا چىراغ ئېلىپ قويسا جىم تۇرامدۇ؟»
دېگەن سۆز - چۆچەكلەرنى پەيدا قىلغان. بۇ ۋاقىتتا بۇ
ئىشتىن خەۋەر تاپقان بەش - ئالتە قويچى تاماشا مەيدا-
نىغا كېلىپ قارىسا، ئەھۋال راس شۇنداق ئىكەن. بۇلار
چىچەن كېلىپ قېلىپ، سىرتتىن نەچچە چاشقاننى تۇتۇپ
كېلىپ، چىراغ كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇشۈكلەرنىڭ كۆزىگە
كۆرسىتىپ قويۇپ بەرگەنىدە، مۇشۈكلەر
ئېشىلىپ، چىراغلارنى باشلىرىدىن چۈشۈرۈۋەتكەن. بۇ
ئىشتىن خەۋەر تاپقان دەقيانۇس جاللاتلىرىنى ئىشقا سې-
لىپ، ئۇلارنى قوغلىغان. زېرەك بۇ قويچىلار شەرققە قا-
راپ مېڭىپ، تۆيۈق ئېغىزىغا بېرىپ، بىر غارغا كىرىپ
غايىپ بولغان، جاللاتلار خېلى كۈنلەرگىچە غارنى ساقلاپ
تۇرسىمۇ، ھېچ بىر ئۇچۇرى بولمىغاندىن كېيىن، پادىشاھ
ئادەملىرىدىن بىرنەچچىسى بۇلارنى تاماشىغا قىزىقتۇرساق،
زېرىككىنىدە يېنىپ چىقىدۇ دەپ، توققۇز - ئون كىشىنىڭ
قولىغا داپ تۇتقۇزۇپ، «شاربازاڭ» دېگەن ناخشىنى
ئېيتقۇزۇپ، 36 نەچچە كۈن تاماشا قىلسىمۇ، ھېچ بىر
دېرىكى بولمىغاندىن كېيىن، دەقيانۇسنىڭ يەنە بىر نەچ-
چە چاپارمەنلىرى بۇ ئىشنى يەنە ئۆزگەرتىپ، ياش سەتەڭ
ئايالللارنىمۇ يىغىپ «ئەر - ئايال نەغمىسى قىلىپ باقايلى»

تېرەكتىن ئىبارەت.

مانا بۇ ناخشىلار ئېيتىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا توي ئىگىسى تەرىپىدىن ئىشىپ تەييارلانغان پوتىنى (50 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتىكى قولنىڭ باش بارمىقىدەك يوغانلىقتا) تۇتۇپ، ئويۇن مەيدانىغا چۈشۈپ، كۆڭلى تارتقان، ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تازىم بىلەن تەكلىپ قىلىدۇ. قوبۇل قىلغۇچى ئوڭ تەرەپتىن ئوڭ قولنى بېسىپ، ئوڭ ئايلىنىپ تازىم بىلەن تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، پوتا بېرىلمەيدۇ.

«مىلىس» ئويۇنىنىڭ تەرەققىياتى ناھىيىمىزنىڭ لوكچۈن يېزىسىدا يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلدى. بۇنىڭدىكى يېڭىلىق ۋە تەرەققىيات شۇ بولدىكى، پوتا سالغۇچى، پوتا ئالغۇچىغا، بىر كوپلېت قوشاق ئېيتىدۇ، پوتىنى قوبۇل قىلىپ ئالغۇچىمۇ قوشاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئاندىن بىرىنچى خىلدىكى ئۇسۇل بويىچە پوتىنى ئالىدۇ.

مەسىلەن، پوتا سالغۇچى:

پوتا سالدىم ئۆزلىرىگە،
كۆڭلۈمدە تونۇپ،
گۈزەل سۈپەت سىز مېھمانغا،
مەن مايىل بولۇپ.

پوتا ئالغۇچى:

پەيدا بولۇشىغا دەلىلدۇر. شۇندىن باشلاپ قەدەمىمۇ قەدەم ناھىيىمىزنىڭ ھەممە يېزىلىرىغا كېڭىيىپ، ھەتتاكى قومۇل خەلقىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇ ۋاقىتلاردا ھەر قانداق بىر توي - مەرىكە بولىدىكەن قىز كۆچۈرۈلۈپ كەلگەن ئاخشىمىدىن باشلاپ، مەھەللە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ياش ئەر - ئايال، قىز - چوكانلار يىگىت ئۆيىگە كېلىپ توي ئوينايدۇ. مىلىس مەشرىپى ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مىلىس مەشرىپىگە قاتناشقان ھەر بىر كىشى ئۆز ھەمراھى (ئايالى) بىلەن قاتنىشىش شەرت قىلىنىدۇ. مىلىس مەيدانىدا يىگىت قولداشلىرىدىن مەخسۇس كۈتكۈچىلەر تەييارلىنىپ، خوشنا مەھەللىدىن كەلگەن تاماشىبىنلارنى مەخسۇس ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنى قەن - گېزەك، مېۋە - چېۋە، ئۇسسۇلۇق بىلەن ئالاھىدە كۈتىدۇ، ئىلتىپات كۆرسىتىلىدۇ.

مىلىستا ماھىر مىلىس ناخشىچىلىرى ئالاھىدە تەييارلانغان سۇپا ياكى ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ، بەشتىن سەككىزگىچە كىشى داپ بىلەن مىلىس ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ. مىلىس بارلىققا كېلىپ ئازادلىققىچە ئېيتىلىپ كەلگىنى 12 تۈرلۈكتىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلار: ئاللا يارىم، ۋاي - ۋاي سەنەم، شاربازام، قاشى قارا سەنەم، مەستانە يار، ئاللا بىر قەدەھ، سەچىمە يار، يۇمۇلاق جۇگان گۈل يار، ھاي - ھاي ئۇلەن، ھەي نەر زىۋا يار، تېرىق تاغدا

بىزنى كۆزگە ئىلمىغانلارنىڭ،
بېشىنى دەسسەپ ئۆينايمىز.

×

ئىقلىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ،
زامانىڭنى ئەجەپ تار.
ئەتلىرىڭنى بەگ ياراتتىڭ،
ئادىمىڭنى ئەزەپ خار.

×

سەن جۇگانغا نىمە قويدى،
بەگامدىن يار تۇتقىلى.
بەگلىرى تاشلاپ كەتسە،
ئاھ ئۇرۇپ قان يۇتقىلى.

×

چېچىمىڭ تال - تال بولغىچە،
قېشىڭ قارا بولىچۇ.
بەگنىڭ يارى بولغىچە،
مېنىڭ يارىم بولساڭچۇ.

×

ئاق جۇجەمنىڭ شېخىنى،
قىزناق جۇجەمگە ئۇلىسام.
بەگ - دوغا زالىملىنى،
بۇ جاھاندا قويمىسام.

نىيەتلىرى تۈپتۈز بولسا،
پوتىنى ئالدىم.
ئىگىلىپ قوش تازىم بىلەن،
ياندۇراي ئاندىن.

ئەگەر قوشاق ئېيتىپ بېرەلمىسە، ھېكمەتلىك سۆز- دىن، بىرنى ياكى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن شەرمە ھايالىق بىلەن، ھۆزۈر خالىق سورايدۇ.

مىلىستە ناخشىچىلار تەرتىپ بىلەن ئالمىشىدۇ. دەس- لەپ توي بولغان مەھەللىدىكىلەر ناخشا ئېيتىدۇ. ئاندىن باشقا مەھەللىدىن كەلگەنلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. تەكلىپ قىلىنغاندا ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. رەت قى- لىش بولۇنمايدۇ.

«مىلىس» ئويۇنىنىڭ قوشاقلىرىدا سىنىپىيلىق ۋە سى- نىپىي كۆرەش مەزمۇنلىرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرى تەبەقە كىشىلىرى «مىلىس» مەشرىپىنى «گاداي» لارنىڭ ئويۇنى دەپ ھاقارەتلەيدۇ. ئەمما ئويۇن باشلانغاندىن كېيىن يۇقىرى تەبەقە بالىلىرىمۇ تاماشىغا ئىختىيارسىز كې- لىدۇ. يوقسۇل قېرى چۆرىلەرمۇ مىلىسنى كۆرىدۇ.

مىلىس باشلانغاندا ياكى مىلىس مەلۇم بىر جايغا يەت- كەندە ناخشىچىلار زالىملارنىڭ مۇرىتلىرىنى ۋە يامان ئا- دەملەرنى كۆرگەندە ناخشىنى مۇنداق باشلايدۇ.

كېلىڭلار يارى دوستلار،
سارايدا مىلىس ئوينايمىز.

ھەسرەت چېكىپ ئۆتەرمەنمۇ،
يىغلاپ مەن خۇدايىمغا.

x

دىل ئىگەننى بىلمىدۇق،
دىلدار ئىگەننى بىلمىدۇق،
مىسقىلى مىڭ تەڭگىلىك،
دوستلار بىلەن ئوينىدۇق.

x

دۆلتىڭنىڭ بارىدا،
دوستمۇ - دوست دۈشمەنمۇ - دوس.
باشىڭغا كۈن كەلگەن زامان،
جان قېرىنداش جىنىڭغا دوست.

x

ئېگىز دۆڭ ئارىسىدا،
ئات چېپىپ ھارغان ئەمەس.
ئەزەل خۇدا بەندىسىگە،
دەرت ئالەم سالغان ئەمەس.

x

ئاق ئەلەم قىزىل ئەلەم،
يارىمنىڭ قېشى قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
بىزگە كەلگەن دەرت ئەلەم.

بۇ مىلىس مىلىس بولامدۇ،
بىزنىڭ يارنى چىللىساي.
مېنىڭ كۆڭلۈم قانداق چىدايدۇ،
زالىملارنى تىللىماي.

X

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىدىمە بەش تولۇم.
بەش تىيىننى تاپقىچە،
سالدى بەگ جەبرى زۇلۇم.

X

سۇ كېلىدۇ ساي بىلەن،
ئۆي پۈتەدۇ لاي بىلەن.
ئۇمۇ شۇنداق كېتەمدۇ،
زالىم دوغا باي بىلەن.

يۇقىرىقى قوشاقلارغا قوشۇپ مۇنداق قوشاقلارنىمۇ ئېيتىمدۇ:

ئاي چىقاردا ئاينى كۆردۇم،
كۈن چىققاندا يارنى.
ئايلار ئىزدەپ يىلدا تاپتىم،
بىر سېنىڭدەك يارنى.

X

پىغانلار كەلدى باشىمغا،
ئۇيانىمدىن بۇيانىمغا.

ھوزۇرىڭنى كۆرۈۋېلىپ،
مۇراتقا يەتتۇق.

x

ئاللا يارىم ئوت ئەپقويدۇق،
ئالغاچ كېتەرسىز.
سىز بولسىڭىز بىزگە ئوخشاش،
ھالغا يېتەرسىز.

x

ئاللا يارىم تىككەن دوپپا،
بىزگە يارىشۇر.
دوردۇن پۆتا باغلاپ قويسا،
خويما قامىلىشۇر.

x

ئاللا يارىم سەن چاغلىغان،
كېۋەز ئوخشىدي.
سىزنى بىزگە قېرىشقاندەك،
دۈشمەن قوشمىدى.

x

ئاللا يارىم قايسى شامال،
كەلتۈردى سىزنى.
قاراڭغۇلۇق تۈگەپ كېتەر،
كۆرەرمەن سىزنى.

تاغدىكى يالغۇز كىيىكتەك،
مەنمۇ يىتىم، سەنمۇ يىتىم.
مەن سىنى يوقلاي دېسەم،
يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

X

چىنىنى سۇنۇق دېمەڭلەر،
چىنىدىن كۆڭلۈم سۇنۇق.
قاچانغىچە بولار كىن،
كەمبەغەلگە يوقچىلىق.

X

مەن ئۆلسەم ئېتىم ئۆچەر،
بېشىمدىن شامال ئۆتەر.
مېنى دېگەن دوستلىرىم،
يىغلاپ ئۆتەر قاخشاپ ئۆتەر.

مىلىسنىڭ «ئاللا يارىم» ناخشىسىدا مۇنداق قوشاقلار ئېيتىلىدۇ.

ئاللا يارىم كېۋەز چاغلاپ،
تەشكۈت قىلىشتۇق.
ئەۋەللەردە يىراق ئىدۇق،
يېقىن كېلىشتۇق.

X

ئاللا يارىم ئېتىزىڭدا،
ناخشىلار ئېيتتۇق.

«مىلىستا ئىپتىلىدىغان ناخشىلارنىڭ ھەر بىر تۈرى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى 40 تىن ئارتۇق قوشاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پىچان خەلقىنىڭ مىلىس ئويۇنى تارىختىن بىرى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق جەھەتلەردە چوڭ روللارنى ئوينىغان. مەيلى قايسى مەھەللە، قايسى يۇرتنىڭ كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مىلىس ئەھلى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يېزىنىڭ قايسى بىر مەھەللىسىدە قىز ـ يىگىت تويى بولۇپ ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن خىجالەتچىلىك تارتىپ قالغان بولسا، ئاڭلىغۇچىلار قېرى ـ ياش، چوڭ ـ كىچىك دېمەي ئۆز مادارى بويىچە ياردەم توپلاپ، توي ئوينىغاچ ھال سورايدۇ، توي ئىگىسىنى غەمدىن خالاس قىلىپ، بىرلىكتە ھوزۇر قىلىشىدۇ. ئەگەر بىرەر مەھەللىدە قىز ـ يىگىتنىڭ تويى بولۇپ نەغمە ـ ناۋا قىلىپ بېرىدىغان كىشى بولمىسا، شۇ مەھەللىگە نەغمىكەشلىرى بار مەھەللە كىشىلىرى ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا پىچان خەلقى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مەزگىللەرگىچە مىلىس مەشرىپى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ دىل ھوزۇرىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. كېيىنكى گومىنداڭ دەۋرىگە كەلگەندە مۇتەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ سوپا ئىشانلار مىلىسكە چىش ـ تىرنىـ

ئاللا يارىم ۋەيران بولغۇر،
شۇم بەگزادىلەر.
سىز مەلىكە بىز بولۇرمىز،
نۇر شاھزادىلەر.

«ئاللا بىر قەدەھ» دېگەن ناخشىدا مۇنداق قوشاق-
لار ئېيتىلىدۇ.

ئاللا بىرقەدەھ مەي ئىچىمىدىم،
سەن نازۇك دىلبەر بىلەن.
پۇركەر كۈنلەر يېتىپ كېلەر،
تاۋار - دۇردۇن شەلپەر بىلەن.

x

ئاللا - ئاللا دېھقانلار،
زەپ قىينالدى بوجانلار.
چولپان چىقار پاقىراپ،
ئاتور سوزۇرۇپ تاڭلا.

x

ئاللا - ئاللا زالىملار،
بىزمۇ ئادەم بىلىڭلار.
ئاھىمىز تۇتۇپ بىركۈن،
زەرداپ ئاقۇر قېنىڭلار.

# پىچان خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى يادىكارلىق ئىزى — «قىيىت» مەشرىپى

«قىيىت» مەشرىپى پىچان خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار ۋە يەرلىك تۈس ئالغان بىر خىل مىللىي سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇ پىچان خەلقىنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ، ياشلارنى ۋە كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە مەلۇم تىزگىنلەش رولىنى ئوينىغان ياخشى ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

«قىيىت» مەشرىپى تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە. ھازىر بۇ ئويۇن تۈرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك. شۇڭا يوقاپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان قەدىمقى بۇ مەدەنىي مىراسنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پېشقەدەملەردىن ئىگىلەپ، بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم.

پېشقەدەملەر «قىيىت» مەشرىپىدىكى «قىيىت» ئاتالغۇسى ھەققىدە مۇنداق تەرىپلەرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى «قىيىت»، «قەيت قىلىش» دېگەن بولۇپ، مەشرەپ ئىنتـ

خىچە قارشى تۇردى. ئۇلار مەشھۇر مىلىسچىلارنى يەرلىك ئەمەلدارلارغا چېقىشتۇرۇپ، سولۇتۇش. يىراق يەرلەرگە ئالۋاڭ - ياساقنا ھەيدىتىشتەك جەبرى - زۇلۇملارغا دۇچار قىلدۇردى. خېلى بىر قىسىم مىلىسچىلار يۇرتىدىن تىزدىپمۇ كەتتى.

## 1. «قىيىت» مەشرىپىنىڭ رولى

«قىيىت» مەشرىپى ياشلارنى يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان، يېڭىلىقنى تېزقو- بۇل قىلىدىغان ئاڭغا ئىگە قىلىدۇ. ئەدەب - ئەخلاقلىق قائىدە يوسۇنلۇق، ئىناق، ئادىل، راستچىل، ئىشچان، جاسا- رەتلىك بولۇشقا ئۈگىتىدۇ. ناھىيىمىزدىكى «قىيىت» مەش- رىپىنىڭ بىر قانچە يۈز يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەر- يانىدا مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۈكسەك ئىستېتىك مەنى- ۋى بايلىقى ۋەئەنئەنىنىڭ مەنبەسىنى ساقلاپ، خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەتلىك كىشىلەردىن قىلىپ چىقىش رو- لىنى ئۆتىدى.

پىچان «قىيىت» مەشرىپى، ئەخمەتنىياز ئاخۇنلۇق (قىسۇرى)، نايخاندەك شائىرلارنى، نام چىقارغان قى- زىقچى موللا زەيدىنىنى، داڭلىق نەغمىكەشلەر، داستان- چىلار ھاسان بالا، ئابدۇل بالاگىزا، نەمەت، ئەمەت يۈسۈپ پەنباش، قاسىم چىۋىش قاتارلىقلارنى، زامانىمىزغىچە قى- زىقچىلىق، داستانچىلىق، ئەلنەغمىچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىسمايىل مەزىن (لۈكچۈن بازار)، دورغا قارى (لېكچۈن بازار)، نىياز موسىن (لۈكچۈن بازار)، سەمەت سۇنايچى (لەمجىن)، شىرىپ سۇنايچى (سىركىپ)، مەتنىياز سۇنايچى (پىچان دۈگبازار) تۆمۈرسۇنايچى(لۈكچۈن) جىنايىت ساناۋەرچى (تۈيۈق)، رومۇلخان (5 تام)، ئەخمەت ئىمام

زامىنغا رىئايە قىلمىغانلارنى جازالاپ، مەلۇم مۇددەت شۇ
ئولتۇرۇشتىن مەھرۇم قىلىش. جازالانغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا
قاراپ كېلەر نۆۋەتتىكى ئولتۇرۇش سورۇنىنى بەلگىلەشتىن
ئىبارەت. يەنە بىرى «قىيىت» مەشرەپكە پادىشاھ، ۋەزىر،
قازى... بولغانلارنى مۇرەككەپ سوئاللار بىلەن قايدۇرۇش
(قايمۇقتۇرۇش) دۇر»، «قىيىت» مەشرىپىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش
ئەھۋالىدىن قارىغاندا يۇقىرىقى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مە-
لۇم ئاساسى بار.

ناھىيىمىزدىكى پېشقەدەم ئۆمۈر چولپانلىرى «قىيىت» مەش-
رىپى ھەققىدە توختىلىپ، قىيىت مەشرىپى ئاساسەن ياشلارنىڭ پائا-
لىيىتى بولۇپ، ئۇ ئەدەب-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇن تەربىيىسىنى بې-
رىدىغان چوڭ مەكتەپ. قىيىت مەشرىپى ئارقىلىق سورۇن ئەھلى
ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش
جەھەتتە تۇنجى بىلىمنى ھاسىل قىلىدۇ». ئۇلار يەنە
«ئوغلۇڭ تەلىمنى مەشرەپتىن، بىلىمنى مەكتەپتىن ئالسۇن»،-
دەيدۇ.

پېشقەدەملەرنىڭ يۇقىرىقى «قىيىت» مەشرىپى ھەققىـ
دىكى تەرىپلىرى «قىيىت» مەشرىپىنىڭ ئىجتىمائىي رو-
لى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنـ
دۈرىدۇ.

ئۇنداقتا «قىيىت» مەشرىپى قانداق خۇسۇسىيەتكە
ئىگە؟

## «قىيىت» مەشرىپىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

«قىيىت» مەشرىپىگە قاتناشقۇچىلار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، جەمئىيەت ۋە ھاياتنىڭ ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان خەلق ئىچىدە «ياخشى» دەپ تونۇلغانلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

«قىيىت» مەشرىپىنىڭ ماددىلارغا بۆلۈنگەن نىزامى بولمايدۇ. يەرلىك خەلقنىڭ ۋە مەھەللىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە يەكۈنلەنگەن مىللىي ئەخلاقى، پەزىلىتىنى دەستۇر قىلىپ، ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ داۋاملىشىشى ھېسابىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

«قىيىت» مەشرىپىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى خەلقچىلىق يول بىلەن ئۆزلىرى ئىچىدىن سايلاپ چىقىلغان پادىشاھ (يىگىت بېشى)، «قازى، پاششاپ بېگى، كۆل بېگى، دارا بېگى قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

پادىشاھ: بۇ مەشرەپ ئىچى سىرتىدىكى ياشلارنىڭ ئىشلىرىغا يول كۆرسەتكۈچى بولۇشتىن تاشقىرى جامائەت ئىچىدىكى تۈرلۈك قائىدە - يوسۇن، مەھەللىۋى ئىشلارنى تولۇق بىلىدىغان ۋە يول كۆرسىتەلەيدىغان ياشتىن بولۇشى كېرەك.

«قازى» مەشرەپ ئىچىدىكى دەۋا ئىشلىرىغا ھۆكۈم

(5 تام)، مەتنىياز كاكچا (لۈكچۈن تۆۋەن مەھەللە)، سەي-دۇل مەزىن (تۈيۈق يېڭى مەھەللە)، پەيزۇللا توختى، نا-سىر قۇربان (تۈيۈق يېڭى مەھەللە) قاتارلىق نۇرغۇن خەلق سەنئەتكارلىرىنى يېتىشتۈرۈش رولىنى ئوينىدى. ھازىر مۇيۇ-قىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان پېشقەدەملەرنىڭ ۋارىسلىرى پىچان-نىڭ يېزا بازارلىرىدا يېڭى ئەدەبىي- سەنئەت كۈچلىرىنى يې-تىشتۈرۈشتە ئۆز رولىنى جارى قىلماقتا.

«قىيىت» مەشرىپى 1900 - يىللىرى خېلى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋرنى «قىيىت» مەشرىپىنىڭ ئالتۇن دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. 1900 - يى-لى ناھىيىمىزنىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمى تېخى يىمىرىلمىگەن ۋا-قىت ئىدى. خەلق ئاممىسى زۇلۇمغا قارشى، ناھەقچىلىققا قارشى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىنى «مەشرەپ» ۋە «قى-يىت» مەشرەپ شەكىللىرى بىلەن ئىزھار قىلاتتى. 1900 - يىللىرى لۈكچۈن ۋاڭلىرىنىڭ مەخسۇس ناغرا سۇناي، ئەل-نەغمە گۇرۇپپىسى بولۇپ ھېيت - بايرام، تۆي - تۆكۈن-لەردە نەچچە كۈنلەپ توي ۋە نەغمە - ناۋا قىلاتتى. ئەمگەك-چى خەلقنىڭ ئۇنە رسىلەردىن پايدىلىنىشقا قۇربى يەتمەيتتى. پەقەت مەشرەپ شەكلى بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ ھەركەتلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. پىچان مەشرىپى بىزگىچە بىر قانچە ئە-سىرلىك تارىخنى ئۆتكۈزۈپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەل-مەكتە.

ئىلىدىغان ئۇيۇن تۇرى ئەمەس. ئۇ جانلىق تۇرمۇش ئە-
مەلىيىتىگە مۇۋاپىقلاشقان، تەلىم ۋە تەرغىبات مەزمۇنىغا
ئىگە ئۇيۇن تۇرى. «قىيىت» مەشرىپى «مەشرەپ پائالىيە-
تى»، «30 ئوغۇل» پائالىيىتى دەپ ئىككى خىل شە-
كىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا «30 ئوغۇل» پائالىيىت-
ىنىڭ دائىرىسى ۋە تۈزۈمى مۇكەممەل، كەڭرەك. بۇ خىلمۇ-
خىل شەكىلدە بولىدۇ. «30 ئوغۇل» تەركىبىگە يىگىت تال-
لاشتا تۆۋەندىكى شەرتلەر ئۆلچەم قىلىنىدۇ. 1) ئاتا - ئا-
نىسىنى خوش قىلىپ يۈۋاشلىق بىلەن خىزمەت قىلدىمۇ -
يوق؟ 2) قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئاجىزلارغا يار-
دەم قىلدىمۇ - يوق؟ 3) ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا بول-
دىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قىزغىن قاتنىشىپ، جامائەت-
نىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتىمۇ يوق؟ 4) جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى-
گە ۋە جامائەتنىڭ قائىدە يوسۇنىغا رىئايە قىلدىمۇ -يوق؟
5) «30 ئوغۇل» پائالىيىتىگە قاتنىشىشتا ئاتا - ئانا ۋە
ئائىلىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالدىمۇ - يوق؟ 6) كىشىلەرنىڭ
ھەققىدىن قورقامدۇ-يوق؟ 7) ئىستىلدا سەۋەنلىك ئۆتكۈز-
گەنمۇ-يوق؟ 8) يۈرگەن دوستلىرى ياخشى ئادەملەرمۇ؟
9) يۇرت ئەھلىگە ناباپ كېلىدىغان ھاراق - شاراپ ئى-
چىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن خالىمۇ - يوق؟ دېگەن-
گە ئوخشاش تەلەپلەر قويۇلۇپ تاللىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلى-
نىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قىزىقچى، ناخشىچى، ئۇستا ھې-

چىقىرىدۇ.

«كۆل بېگى» مەشرەپ ئىچىدىكى يېمەك-ئىچمەك مۇ-لازىمەتلىنى بېجىرىدۇ.

«پاشاپ بېگى» مەشرەپ ئىچىدىكى تەرتىپ قائىدى-لەرنى ئىجرا قىلىدۇ.

«دارا بېگى» مەشرەپ ئىچىدىكى ناخشا - مۇزىكا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. دارا بېگىنىڭ يېشى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشقا مەسئۇل كىشى ناخشا ۋە ساز چېلىشنىڭ ئەھلى بولۇشى«30ئوغۇل» ئېتىراپ قىلغان ئادەم بولۇش لازىم.

مەشرەپنىڭ تەشكىل - ئىنتىزام رەسمىيتى جەھەتتە ئۇنىڭ قائىدە - تۈزۈمىنى مەيلى باشقۇرغۇچىلار بولسۇن، مەيلى باشقۇرۇلغۇچىلار بولسۇن بىردەك رىئايە قىلىشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەشرەپتە سايلانغان مەشرەپ «هاكىمىيىتىنىڭ» دۆلەت هاكىمىيىتىدىكى مەنسەپتىن پەرق-لىنىدىغانلىقىنى نامايەن قىلىش. بۇ پەقەت تەقلىت خاراك-تېرىدە بولۇپ، مەشرەپتە ياخشى ئىش، ياخشى كىشىلەرنىڭ نەمۇنىلىك ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ ناچار ئىش، ناچار خاھىشلار تەنبىھ قىلىنىدۇ.

## «قىيىت» مەشرىپىنىڭ تەشكىل قىلىنىش شەرتلىرى

«قىيىت» مەشرىپى باش - ئايىغى يوق، نوقۇل ئوي-

لەر بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئويۇن مەزمۇنى مول پائالىيەتلەر بىلەن بېيىتىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ياش چەكلىمىسى جەھەتتە ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئاساس قىلىنىپ، مەلۇم ساندا ئىلتىماس قىلىنغان ياشانغانلارنىمۇ ئانچە چەتكە قاقمايدۇ.

«قىيىت» مەشرەپلىرىدە ئاياللارنى ئاساسەن «30 ئوغۇللار» تەرتىپىگە كىرگۈزمەيدۇ.

بىر مەھەللىنىڭ كىشىلىرى قىيىت مەشرىپىنىڭ ئاساسىي قاتناشقۇچىلىرى بولىدۇ. باشقا يۇرت، باشقا مەھەللەردىن كەلگەنلەرگىمۇ يەرلىك مەشرەپ ئەھلىنىڭ تونۇشتۇرۇپ كاپالەتلىك قىلىشى بىلەن مەشرەپ سورۇنىغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. ئادەم سانىنىڭ چەكلىمىسى يوق. كېڭىيىش، ئازىيىش ئىشلىرى ئادەتتە بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر «قىيىت» مەشرىپى تەرتىپىگە كىرىۋېلىپ، ئەخلاقسىزلىق قىلىپ، جامائەت زىتىغا تېگىپ كىشىلەر بىلەن ماجرا پەيدا قىلسا، بۇ سورۇندىن ھۆكۈم بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، خاتالىقىنى تونۇمىغىچە مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلمايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ مەشرەپكە قاتنىشىشتىكى شەرتى شۇكى: ئۇنىڭ خاتالىقىنى تونۇشى ياخشى بولۇشى، تۈزۈلۈش ئىپادىسىنى بىلدۈرۈش ۋە قاتتىق تۆۋە قىلغان بولۇشى لازىم. بۇلا كۇپايە قىلمايدۇ يەنە شۇ كىشىنىڭ ئاتىسى ياكى مۇرەببە بولغۇچىسى قىيىت مەشرەپ سورۇنىغا مېۋە-

كايىچى، ماھىر ساز ئۇستىسى بولۇش نۇقتا قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «30 ئوغۇل» پائالىيىتى تەركىبىدىكىلەر قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇش، ماھارەتلىك بولۇش تەلىپىنى ئېلىپ بارىدۇ.

«قىيىت» مەشرىپىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىنى مۇقىملاپ بولغاندىن كېيىن، مەشرەپ باشقۇرغۇچى «پادىشاھ»، «قازى»، «پاششاپ بېگى»، «كۆل بېگى»، «دارابېگى» لەرنى سايلاپ چىقىدۇ. مەشرەپ باشقۇرغۇچىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. «ئەمەلدار» لارنى سايلاپ بېكىتىشتە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەھلىل كۈچلۈك، دەۋا قائىدىسىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرگەن تېپىشماق خاراكتېرىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان يىگىتلەر ئىچىدە «چېچەن» دەپ تونۇلغان، يۇرت مەھەللىلەردە ساھىپخانىلىق ئىشلىرىغا قاتناشقان، ناخشا ئېيتىپ بىرەر سازنى چالالايدىغان، كۈلكىلىك پاراڭ قىلىپ، باشقىلارنى زوقلاندۇرالايدىغان كىشىلەرنى «30 ئوغۇل» مۇزاكىرىلىشىپ مۇقىملاشتۇرىدۇ.

«قىيىت» مەشرىپى كۆپرەك قىش پەسلىدە ئىشنىڭ بوش، تۈننىڭ ئۇزۇن ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### «قىيىت» مەشرىپىنىڭ مۇكەممەللىكى

«قىيىت» مەشرىپى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرت-

قىسمىنى ساقلاپ قېلىش، يەنە بىرى، قاتارمەشرەپ ئۇسۇلىدۇر. ئىككىنچى خىلدىكى ئۇسۇلدا نۆۋەت كەلگەن شەخسلەر مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ، ئىشتىراكچىلارغا بىر نۆۋەت چاي زىياپىتى بېرىدۇ. قالغان مېۋە ـ چېۋە زىياپەت قىسمىنى تۆۋەندە ئېيتىلغاندەك جازاغا يولۇققانلار تولدۇرىدۇ. ھەر ئىككى مەشرەپ ئولتۇرۇشىغا يەل ـ يېمىش بىلەن تەمىنلەيدىغان سودىگەرلەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

## «قىيىت» مەشرىپىنىڭ قائىدە ـ يوسۇن تەرتىپلىرى

«قىيىت» مەشرىپى پاششاپ بېگىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باشلىنىدۇ. ئۇ داستىخان سېلىنىشتىن ئىلگىرى شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشقا قاتنىشىشقا تېگىشلىك مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ «پادىشاھ»غا مەلۇمات بېرىدۇ. يەنى ئۇ مەزكۇر ئولتۇرۇشقا كەلگەن، كېلەلمىگەلەرنىڭ سەۋەبلىك يا سەۋەبسىز ئىكەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ. «پادىشاھ»نىڭ رۇخسىتىدىن كېيىن «كۆل بېگى»نىڭ داستىخان سېلىشىغا ئىجازەت قىلىنىدۇ. دەسلەپ قول چايقىلىدۇ، داستىخان سېلىنىپ چاي تارتىلىدۇ. زىياپەت باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا چاي تەكشى قۇيۇلۇپ بىر نۆۋەتتىن ئىچىلىدۇ. ئىككىنچى نۆۋەتتە بىيىت ـ نەزمە بىلەن جالىغان كىشى ئۆزى تاللىغان 2 ـ كىشىگە بىيىت يا نەزمە بىلەن چاي تۇتىدۇ ۋە ئاغزىغا ئۆز قولى بىلەن يېسىلىك سېلىپ قويىدۇ.

چەۋە كۆتۈرۈپ كېلىپ «پاششاپ بېكى» گە
ئادەمەتچىلىكنى كۆرسىتىشى «پادىشاھ» نىڭ تەستىقى
«قازى» نىڭ ھۆكۈم قىلىشىدىن ئۆتكۈزۈپ: «سالام
بەگلىرىم، توققۇز ئۇرغۇل، 30 يىگىت، پالانى خاتالىقىنى تونۇپ
كۈۋاھچىسى بىلەن تۆۋە قىلىپ ياخشى ئادەم بولۇشنى ۋە-
دىلەپ كېلىپتۇ. نىياز مەنكىلىمۇ بىرگە كەلتۈرۈلۈپتۇ» دەپ
جاكارلىنىدۇ. مەشرەپ ئەھلى باشقۇرغۇچىلارنىڭ پەيلى (خۇي)
بويىچە «قازى تۆۋىسى راست بولسا، تاجىسى كەيگۈزۈل-
سۇن!» دەپ پەرمان قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن شۇ كىشى
سورۇنغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

## «قىيىت» مەشرىپىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى

قىيىت مەشرىپى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۈيۈق، ياڭخى،
لۈكچۈن، كارىز رايونلىرىدا قويۇق، ئىمزچىل داۋاملىشىپ
كەلگەن. پىچان، لەمجىن، چىقتىم قاتارلىق جايلاردا ئۈ-
زۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان.

بۇ جايلاردا قىيىت مەشرىپى ئىككى خىل ئۇسۇلدا
ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭ بىرى توي مەرىكە ئۆتكۈزگۈچى
شەخس تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تەكلىپ قىلىنغان ئا-
دەملەرگە تۈنجى قېتىملىق زىياپەت، مېۋە - چېۋىلەر تەك-
لىپ قىلىنغۇچىدىن چىقىرىلىپ، قالغان راسخوتنى مەشرەپكە
قاتناشقۇچىلار ئۆزى چىقىرىپ، مەرىكە ئىككىنچى ئېغىر چە-

داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن تاماكا چېكىش كە-
يىپ پەيدا قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىش قەتئىي مەن-
ئىي قىلىنىدۇ. ئەگەر بىخوتلۇق قىلىپ تاماكا چېكىپ
قويىدىغان بولسا، بۇنىڭ جازاسى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ.

1- باسقۇچلۇق ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن مەشرەپ ئىشتى-
راكچىلىرىنىڭ خالىغا بېرىش، تاماكا چېكىۋېلىش، پۇت -
قوللىرىنى ئارامداپ ئېلىش قاتارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن
دەم ئېلىش قىلىنىدۇ. دەم ئېلىش ۋاقتى توشقاندىن كې-
يىن «پاششاپ» تەرىپىدىن سورۇن باشلانغانلىقى قايتا
جاكارلىنىدۇ. ھەممە كىشى ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئورۇن ئا-
لىدۇ. «يىگىت بېشى» نىڭ تەستىقى بىلەن «دارابېگى»
گە ئىشارەت بىلەن ساز چېلىش بۇيرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
مەشرەپ باشلىنىدۇ. بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سازچىلىرىمىز
جىنايەت سەنەۋەرچى، ئەخمەت زىمىنچىلار بولۇپ، بۇلار
ئۆز ناخشا - سازلىرى بىلەن سورۇن ئەھلىنىڭ ھوزۇر-
لىنىشىنى قاندۇرۇپ كەلگەن.

مەشرەپتىن كېيىن ئىككىنچى بىر تۈرلۈك ئويۇن
باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى
ئورنىدىن تۇرۇپ:

«ئەسسالامۇئەلەيكوم» 30 ئوغۇل، «توققۇز يىگىت»!
يىگىت بېشى، قازى، پاششاپ، كۆل بېگى، دارا بەگلىرى!
ئارىمىزدىكى پۇقرايىمىز بۇ سورۇننىڭ تەرتىپىنى بۇزۇپ،

1 - كىشى:

كۆڭلۈمنى تۇتتۇم تاتلىق چاي بىلەن،
ئۇخشاتقاچ سىزنى تولۇن ئاي بىلەن.
راستىن ئالامىز ئىختىيار سىزدە،
ئەزەلدىن دوستلۇق بار بولغاچ بىزدە.

2 - كىشى:

دەردىمگە دەۋا تۇتقان چىنىڭىز،
قوبۇل قىلدىم مەن بولسا مەيلىڭىز.
ئەسلىدىم بارىدى چىن دوستلۇقىمىز،
رىشتە باغلىدى بۇ ئۇسۇلۇقىڭىز.

دېيىشىپ قۇرۇغدالغان چىنىنى چاي تۇتقۇچى تەرەپكە ئېھتىرام بىلەن قايتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى بىر - بىرىدىن قىزىق، كۈلكىلىك، نەزمە، بېيت، يۇمۇرلۇق سۆز، گەپ چېقىشىشلارنى تەرتىپ بىلەن ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا داستىخانغا داخىل بولغۇچىلار بىر - بىرىگە نەزەر سېلىشىپ، كىم بۆكىنى (دوپپىنى) قىڭغىر كىيگەن، كىمنىڭ كىيىمىنىڭ ياقىسى ئوڭ قاندىن ئولتۇرمىغان، كىملەر يەنە ئاللىقانداق ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلىقىنى ئىنچىكە كۆزىتىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق قۇسۇر چىقىرىپ، جازالاش ئوبيېكتىنى تاللايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېلەر نۆۋەتلىك مەشرەپنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتكۈزۈلىدۇ.

قازىنىڭ ئەقلىنى سىناش ئۈچۈن بىر يىگىت ئورنىدىن قوپۇپ:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم قازى ئاخۇنۇم، مېنىڭ بىر قوشنام بار. ئۇ دائىم قىرچىن تالنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ نامىزى دۇرۇس بولامدۇ؟»، - دەپ سوئال قويىدۇ.

ئاخۇن سۆزىنىڭ تېگىگە چۈشەنگەن بولسا، دەرھال «دۇرۇس» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى بۇ سوئالنىڭ ئاساسى مۇنداق: بۇ كىشىنىڭ ئۇ تۆكىنىڭ كەلگۈرى (پاشنىسى) گە قىرچىن تالدىن ياسالغان يىغاچ مىق قېقىلغان بولىدۇ.

ئىككىنچى بىرسى قوپۇپ:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم قازى ئاخۇنۇم، بىزنىڭ قوشنىمىزنىڭ ئوغلى غەرب تەرەپكە تۆگە بىلەن سودىغا كەتكەن. يېقىندا ئاتىسىغا خەت كەپتۇ. خېتىدە تۆگە ئۆلدى جۇدەگىلىكتىن. يېغى ئۇنىڭ تولىمىقىدىن، ئۈزۈن چۆلنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاڭ سەھەردە شامغا يېقىن» دەپتۇ. قوشنىمىز: «قازىمىدىن سوراپ باقايلى»، - دېگەن ئىدى. دەپ تۆگىتىشكە:

ئۈچىنچى بىرسى

«قازى ئاخۇنۇم، بىزنىڭ سۇلتان ئاخۇن بىر يامان كالىنى مىنىپ، مەھەللىدىن ئىچىگە كىرگەندە ئادەم جىق يەردە ئۆلۈك توپىلاڭغا (توپىغا) يىقىتىپ ئېتىپتۇ، خىجالەتچىلىكتە قايتا مىنىۋېلىپ، ئەسىدى سىنىڭ ئۈستىگىدىن قايتا چۈشمىدىغان بولسام، خوتۇنۇم ئۈچ تالاق دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. كالىدىن يەرگە چۈشسە خوتۇنىدىن جۇدا بولۇشتىن ئەنسىرىگەن ئاغىنىمىز ئۈچ كېچە بولدى كالىنىڭ ئۈستىدىن چۈشەلمەي

چاپان ياقىسىنىڭ تۆگمىسىنى ئەتمەي، تەكەببۇرلۇق قىلدى. قانچە باي بولسىمۇ مەشرەپ ئەھلىدىن ئۈستۈن ئەمەستۇ»، — دەپ ئەرز قىلىدۇ. «پاششاپ» بۇ ئەرزنى «يىگىت بېشى» نىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىدۇ. «يىگىت بېشى»، «قازى» غا بۇيرىدۇ. قازى:

«بوبىنە دەپىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، ئوردىدىن پارلاپ چىقىرىلسۇن!» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىكى بۆك (دوپپا) ياكى تومىقى ئېلىنىپ سورۇندىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. جازالانغۇچى ھەر خىل مېۋىلەردىن ئېلىپ، تەخسىلەرگە تولدۇرۇپ، پەتنۇسقا تىزىپ پاششاپقا مەلۇم قىلىدۇ. پاششاپ، «يىگىت بېشى»، «قازى» غا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ روخسىتى بىلەن كۆپچىلىككە:

«ھۆرمەتلىك بەگلىرىم» 30 ئوغۇل «... ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، تۆۋە قىلىپ ھوزۇر بىلەن سوۋغا سالام ئېلىپ كەپتۇ»، — دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلگەنلىكى ئېلان قىلىنىپ، سورۇندا ئولتۇرۇش ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. مۇشۇنداق ئەيىپلەر بىلەن ئەيىپلەنگەنلەر تەرىپىدىن داستىخان تۆرلۈك مېۋە، قەن - گېزەكلەر بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. بۇ مەشئەتلەرگە «كۆل بېگى» ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. يېيىش - ئىچىش باشلىنىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتدا

نەرسىلەرنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئەينەن چۈشۈرۈش، سوپا - ئىشانلارنىڭ «سۆلۈك» قۇرۇش بانىسى بىلەن كېچىسى ياتماي بارغان يەرلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەپلىك، كۆزگە يېقىن نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ، پاش بولۇپ قېلىشتەك قەبىھ ئىشلىرى، ئىستىلىدىكى چىرىكلىكلىرىنى («سۆلۈك» تەركىبىدە «بۇۋۇم»، چۇم پەردىسىگە ئورۇنۇۋالغان ئاياللارمۇ بولىدىكەن) دوراپ كومىدىيە شەكلىدە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار، كۈلكىلىك سۆزلەر بىلەن ئويۇن ئوينىلىدۇ. مەسىلەن، سوپا - ئىشانلارنىڭ ئوغرىلىقى ھەققىدە: ئىشانلارنىڭ بىر باشلىقى ساھىپخانىنىڭ ئۆيىدىن چىرايلىق بىر چىنە تاۋاقنى چىراغنى ئۆچۈرۈپ، قاراڭغۇدا ئۆتەيدىغان نەپلى نامىزىم بار - دەپ ئۆي ئىگىلىرىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ چىنە تاۋاقنى پەرىجىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانلىقى، كېتەرۋاقتىدا ئاتقامىنگەندىن كېيىن ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ، قولتۇقتىن تاۋاقنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، بىر سوپىنىڭ يەنە بىر سوپىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ دورا ياسىتىش ئۈچۈن تەستە تاپقان ئانارىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى ئەھۋاللار دوراپ ئوينىپ بېرىلىدۇ، بۇ خىل ئىشلار مۇناجات، قوشاق، بېيىتلار بىلەن ئېيتىلىپ ئىنتايىن قىزىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ، بۇنى مازاق قىلىدىغان بېيىتلار مانا مۇنداق:

ئاۋارە، بۇنىڭغا قانداق يول بار؟»

قازى چېچەن بولسا، ئىككىنچى ئادەمنىڭ سوئالىغا:

— تۆگىگە يوكلىگەن ماي بولسا كېرەك. ئۇ ئېغىر، تۆگە قوتۇ. بۇ ئوغۇل تاڭ سەھەر ۋاقتىدا شام دېگەن شەھەرگە يېتەلىشقاندا، تۆگە ئاچلىقتىن ئۆلگەن»، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

3 — كىشىنىڭ سوئالىغا:

— ئەگەر كالىدىن چۈشىدىغان بولسام دەپ قەسەم ئىچكەن بولسا، كالىنى بىر دەرەخنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ، بىر ئامال بىلەن دەرەخكە چىقىۋېلىپ، دەرەخ ئارقىلىق يەرگە چۈشسە يول بار»، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ ئويۇندا قازى ئۈچ مۇرەككەپ دەۋانى ئادىل سورالسا، ئۈچ مۇرەككەپ سوئالغا جاۋاب بېرەلىسە، باشقا سورۇنلاردىمۇ «قازىلىق» ھوقۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئەگەر توغرا سوراپ، توغرا جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇ قازىنى يىقىتىپ، «30 ئوغۇل» ئىچىدىن يەنە بىرسى سايلىنىدۇ. بۇ ئويۇن ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەقىل، زېھنى روشەنلىشىپ، دەۋا — دەستۇر ئىشلىرىدىكى ئادىللىق، پاكلىق ئۆگىنىلىدۇ.

## «قېيىت» مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان باشقا ئويۇنلار ۋە جازا

«قېيىت» مەشرىپىدە ناخشا — ساز، سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، تېپىشماق تېپىش ئويۇنلىرىدىن باشقا ھايۋانلارنى دوراش، قول ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر خىل

نى 4 خىل ئاۋاز (ئاھاڭ) غا سېلىپ ئېيتقۇزۇش، كۆتەككە باستۇرۇش، ئىككى قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ قويۇپ سامسا يېقىش، نۆۋىتىدىن تاشقىرى — مەشرەپ بەرگۈزۈش، ھالى ياخشىراقلارغا مۆھلەت بەلگىلەپ كوچا تازىلاتقۇزۇش، ئاتا - ئانا، قوۋمى- قېرىنداشلىرى بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈش ھەققىدە ۋەدە ئېلىش قاتارلىق جازالار بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى جازالار مەشرەپكە قاتناشقۇچىلارنىڭ «30 ئوغۇل» تەركىبىگە قوبۇل قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بولغاچقا، ھەممىسى ئاڭلىق ئىجرا قىلىدۇ، ئومۇمەن مەشرەپ ئويۇنىدىكى ئويۇن ۋە «جازا» دا مەشرەپنىڭ قائىدە - نىزاملىرى بويىچە جەمئىيەتتە كىمكى ناتوغرا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىسا، مەشرەپكە يىغىلغاندا قازىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن جازاغا ئۇچرايدۇ.

**مەشرەپنىڭ بىر ئولتۇرۇشتىن كېيىنكى ئولتۇرۇشقا ئۆتۈشى.**

قىزىق ۋە كۈلكىلىك ئويۇن داۋامىدا ئولتۇرۇش نۆۋىتى كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ بىر - بىرسىگە بېيىت ياكى ھېكمەتلىك سۆز سۆزلەيدۇ.

ئېغىزدا ئىمان ھو، ھو، ھو، قويىندا قۇرئان ھوم، ھوم-ھوم
دېيەتتى بۇزۇق ھو، ھو، ھو، سالىدۇ زىيان ھوم، ھوم، ھوم،
بۇۋە ئىزدەيدۇ ھو، ھو، ھو، خالىدا ھامان ھوم، ھوم، ھوم،
سوپىلىق ئىشان مەلئۇن ھوم شەيتان ھوم، ھوم، ھوم
ھۆنىرى پاشتۇر ھو، ھو، ئانار ئوغرىسى ھوم، ھوم، ھوم،
يوقتۇر ئۇنىڭدا ھو، ھو، سۆزىنىڭ توغرىسى
ئارانلا تۇرار ھو، ھو ئەۋلىيا بولغۇسى
ۋىجدانسىز ھو، ھو ئوغرى مەلئۇنى شەيتان.

ئوغرىلىقنى پاش قىلىش ئويۇنىدا مەشرەپچىلەر-دىن بىرى قوپۇپ تۇرۇپ يەنە بىرسى ئۈستىدىن «بۇ قوشنىمىزنىڭ بىر توخۇسىنى كېچىسى ئوغرىلاپ كەتتى» دەپ ئەرز قىلىدۇ، قازى بۇنى سوراپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئوغرىغا ئوغرىلىغان توخۇنى تۆلەپ بېرىسەن. ئوغرىلىقى ئۈچۈن 10 ساپلىق سۇ ئىچكۈزۈلۈپ نەيىسى بېسىلسۇن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى-قى ھۆكۈمدىن سىرت خەلق ئۆتۈدىغان... يەردىكى كۆۋ-رۈكنى ياساپ «30 ئوغۇل تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلسۇن» دەپ بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ئىجرا بولۇش - بولماسلىقى تەكشۈ-رۈلىدۇ. «جازا» ئويۇنىدا جازالانغۇچىنىڭ چاپان، كۆي-نىكىنى سالدۇرۇپ، تامغا غولاچ يايدۇرۇپ كەينى (ئارقا) تەرىپىدىن سۇ پۈركۈپ ئادەم شەكلىنى چۈشۈرۈش، پاخ-تا ئېتىشنى دوراتقۇزۇش، بوۋاقنى، قوي، كالا، توخۇلارنى دوراتقۇزۇش مەنىلىك تېز سۆزلىتىش، بىر كوپلېت قوشاق ئاھاڭ-

ئارزۇ ـ نىمەت تەييارلىنار
شېرىن ئارزۇ ـ كۆيگىمىزگە.

قوشاق بىلەن كېيىنكى ئولتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىر ئومۇملىققا ئايلانغان، ئېيتىلىدىغان قوشاقلارنىڭ مەز-مۇنى مول، شەكلى ھەر خىل ئىدى. بۇخىل نەمۇنىلارنى ماقالە سەھىپىسىنىڭ ئۇزىراپ كەتمەسلىك ئېھتىياجىدىن قىسقارتتۇق، مۇشۇ تارىخىي دەۋردە قوشاقچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئىدى.

**«قېيىمت»، مەشرىپىدىكى، ئوتتۇز ئوغۇللارنى مەرىكە قىلغۇچىلارنىڭ تەكلىپ قىلىشى:**

«قېيىمت» مەشرىپىگە قاتناشقان ياشلار قائىدە ـ يو-سۇنلۇق، ئىقتىدارلىق بولغاچقا، بولارنى توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلغۇچىلار كۆپ، شۇڭا پەيتنى كۆ-تۈپ بىرونىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىش ۋاقتىدا مەشرەپ ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلغۇچى ساھىبخان بىر پەت-نۇس قەنت- گېزەك، مېۋە ـ چىۋىلەرنى تەييارلاپ داس-تىخانغا قويىدۇ، مۇشۇ ئارزۇدىكى بىر نەچچە كىشى ھۆر-مەت بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ، يىگىت بېشى تەي-يارلىق ئەھۋال، مەشرەپ ئۆتكۈزۈشتىكى سەۋەبلەرنى ئىنچىكە سۈرۈشتۈرۈپ، شۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىگە روخ-سەت قىلىدۇ. روخسەت قىلغۇچى پەتنۇسنى قولىغا ئېلىپ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن كۆپچىلىكنى تاڭنە (ئەتە)

ئەگەر قايسى يىگىت دېگەندىكىدەك جاۋاب بېرەلمىسە، كېيىنكى مەشرەپنى شۇ ئۇستىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق بېيىت - قوشاقلار ئېيتىلىدۇ.

1 - يىگىت

مەن بازارغا بارمىغىن
سەۋزە - پىيازىڭ بولمىسا.
قۇرۇق گېپىڭ پايدا بەرمەس
نەزىر - نىيازىڭ بولمىسا.

2 - يىگىت

مەن بازارغا بارىمەن
سەۋزە - پىيازىم بار ئۈچۈن.
30 ئوغۇلنىڭ بارىمەن
ئۆزۈم يىگىت نار① ئۈچۈن.

1 - يىگىت

30 ئوغۇل، 9 يىگىت
گۇۋاھ بولسۇن ۋەدىمىزگە.
ئېمىلەرنى تەييار قىلار
جىمغۇر يىگىت ھەممىمىزگە.

2 - يىگىت

ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز يىگىت
كېلەر بولسا ئۆيىمىزگە.

---

① نار— ئەركەك تۆگە مەنىسىدە.

# پىچان ناھىيىسىدە ھازىرقى زامان ئەدەبىي سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى

پىچان خەلقى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ئۇزۇق قىلىپ كەلگەن سەنئىتى «مىلىس» ۋە «قېيىت» مەشرەپلىرى توغرىسىدا يېزىلغان يۇقىرىدىكى ئىككى ئەسلىمىدە بىر قەدەر توختىلىپ ئەۋلادلىرىمىزغا پىچان خەلقى بېسىپ ئۆتكەن سەنئەت مۇساپىسىنى بىلىشكە تەقدىم قىلدىم.

مەن بۇ پىچان ناھىيىسىدە ھازىرقى «زامان ئەدەبىي سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى» دېگەن ئەسلىمەدە ناھىيىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىي سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن، كۆرگەن، ئىگەللىگەن پاكىتلارنى بايان قىلىمەن.

پىچان ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىي سەنئىتى 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 كۈنى - ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىدىن كېيىن يېڭى تەرەققىياتقا قاراپ يۈزلەندى.

ئۇنجى قېتىم خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى —

كۆندىكى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ، تەكلىپ قىلغۇچىغا شەرت قويۇلمايدۇ، قانچىلىك ۋە قانداق ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۆلچىمى بولمايدۇ، شۇڭا:

تاپقىنى كۆل كەلتۈرەر
يوقلىرى بىر باش پىياز.
تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر
تاپمىغىنى چۈجە خوراز.
دېگەن شۇ زاماندىن قالغان.

ئويۇنچىلار تەييارلىغان كىچىك سەھنىدە، بۇ گۇرۇپپا 2000 دەك تاماشىبىنغا ئويۇن قويدى.

لەمجىن سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيىتىدىن تەسىرلەنگەن مەتىيىپ شاگىرتى، نوئەبەيت قاتارلىق بازار كاتىۋاشلىرى يېڭىدىن سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن 10 – 15 كىشىلىك بىر سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا نىياز كەيجاڭ (غىجەك، سۇنايچى)، ھوشۇر نىياز (دۇتاھەم ناخشىچى)، ھوشۇر نىيازنىڭ ئايالى پاتەمخان، سەيپۇل ئەمەت (ئۇقۇتقۇچى)، مەتنىياز سۇنايچى (شەلەگزە)، مەتنىياز چاڭچى (ھەزلالىق)، مەتنىياز كەنجى (نەيچى، سونايچى)، سولايمان مامۇت قاتارلىق شۇ دەۋرنىڭ نام چىقارغان يېڭىلىقنى، تەشەببۇس قىلغۇچى ئوت يۈرەك ياشلىرى قاتناشتى. ھەر بىر سازچى بۇ گورۇپپىغا ئۆز سازى ۋە سەنئەتكە كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ كىردى. دەسلەپىدە بۇ گۇرۇپپا روزى قاساپنىڭ قورۇسى (ھازىرقى يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئورنى) ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە مەشغۇلات ئېلىپ باردى. 1935 – يىلى مەركەز سەنئەت گۇرۇپپىسىنى ئۇيغۇر ئويۇشمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ سەنئەتچىلىرىنى 15 – 17 كىشىگە يەتكۈزۈپ، بۇنى يېڭىدىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسى «سانائىي نەپەس سەنئەت گۇرۇپپىسى» دەپ ئاتىدى.

يېتەكچىلىرى پىچان بازارئىچىدە ئىدارە - جەمئىيەت، تى-
جارەتچىلەردىن سەنئەت كەسپىدىن خەۋىرى بارئون نەچچە
كىشىنى تەشكىللەپ جىڭساجۇي (ساقچى ئىدارىسى) نىڭ
يوغان، ئۇزۇن بىر ئېغىز ئۆيىدە چاكچىلە ئويۇنى قويۇپ
جاڭ - جاڭ، قۇمۇش غىجەك، ياغاچ غىجەكلەرنى چېلىپ،
كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىي كۆرۈشىنى ئېلىپ بارغان. بۇ
ئويۇننىڭ يېتەكچىلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈ-
مىتىنىڭ مالىيە خادىمى ـــۋاڭكوجاڭ، جىنساجۇينىڭ باش-
لىقى موفامىلىلىك بىر كىشى، چىڭمۇ، ماۋىن شاڭ قاتار-
لىق كىشىلەر ئىدى. سەنئەتچىلەر دوشاگشۇ، ماجۇفۇ (خۇيزۇ)،
ماخۇۋەنۋىن (خۇيزۇ) شوما (خۇيزۇ)، ۋە دۇگبېي، سەنشى قا-
تارلىق جايلاردىن ناھىيىمىزگە كېلىپ ھەر خىل كەسىپ-
لەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئى-
دى. 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12- كۈنى لەمجىندىن
يۇسۇپ دورغا، نەمتۇل رىشىت (مۇدىر)، ئىسمىن پولات،
ھىمىت قۇربان ھەمدۇللا ھېۋىپ، شانىياز ئەپەندى، نۇ-
جۇبۇل ئەپەندى (تۆگە)، مۇھەممەت قاسىم قاتارلىق ئو-
قۇتقۇچىلارنى باشلاپ پىچان بازىرىغا كېلىپ، مەتىيىپشاگ-
زۇگنىڭ قورۇسىدا غىجەك- داپلارنى چېلىپ ئەرلەرنى ئا-
يالچە ياساندۇرۇپ ئۇسسۇل ۋە ناخشىلىق ئويۇنلارنى كۆر-
سەتتى.

1934 - يىلى - 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەنزۇ

غۇلار ئېلىپ كېلىندى. سانائى نەفىسىلىك كەسپىي قو-
راللىرى تولۇقلانغاندىن كېيىن ئارتىسلارغا خەلق ئا-
ھاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى ناخشىلارنى ئىجاد قىلىش،
ئەزەلدىن بار خەلق ناخشىلىرىنى پىششىق مەشىق قىلىش
ئارقىلىق «گۈل ئاچىل»، «ئۆرگىلەي پەلەك»، «سولتان
بوغراخان»، «بالىخان يايرىم»، «شاخ - شاخ چىنا»، «با-
دام قاپاق»، «داۋانچىلىك»، «ئانارخان»، «ئۆرگىلەي مە-
شۇغۇم»، «ناسىرگاك»، «زېمىن» قاتارلىق ناخشا - ساز-
لارنى خەلققە كۆرسەتكەن ئىدى. ئۆزلىرى تېكىست يې-
زىپ يالغۇز كىشىلىك تۆۋەندىكى شېئىرنى «سانائى نەفىس
گۇرۇپپىسى ئورۇنلىغان.

ئەزىز قېرىنداشلا قايسى دەۋر بۇ،
شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش دەۋرى بۇ.
يېزا - قىشلاقتا مەكتەپلەر ئېچىپ،
ھەممە بىلىملىك بولۇش دەۋرى بۇ.

X

ئەر - ئايال بىر بولۇپ ئىشلەپ چىقىرىپ،
باياشات تۇرمۇش قۇرۇش دەۋرى بۇ.
ھورۇنلۇق قىلماي ھەرقانداق ئىشتا
بىلەكنى تۈرۈپ تۇرۇش دەۋرى بۇ

X

يېپيېشىپ ئالماي دىنى مەكتەپكە
يېڭىدىن مەكتەپ سېلىش دەۋرى بۇ

بۇ گۇرۇپپىغا يېڭىدىن نىيازخان توختى، ھەمدۇللا سۇلتان (1947 - يىلىدىكى پىچاندىكى ياشلار ئىنقىلابىغا قاتناشقان. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان)، ھەمدۇللا سۇلتانىنىڭ ئايالى ھۆرنىيازخان، ئېلى جىنايەت، نەمتۇل سۇنايچىلار تولۇقلاندى. سەنئەت گۇرۇپپىسىغا يۈسۈپ تالىپ ① نوئەبەيدۇللا مەسئۇل بولدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت بىناسى نەمەتكورچى دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا ئىدى. (بۇ قورۇ ھازىرقى كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ ئورنى) سانائى نەپىس گۇرۇپپىسى ئۇيۇشمىنىڭ بىر نەچچە ئېغىز ئۆيىنى ئىگىلەپ گۇرۇپپا پائالىيىتىنى ئېلىپ باراتتى.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ۋەخپەيەر ھۆشۇر، زاكاتلاردىن يىغىلغان مەبلەغ بىلەن ھەل قىلىناتتى. مۇشۇنداق ئىقتىسادىي ئاساس بىلەن ئۇيۇشمىنىڭ پائالىيىتى خېلى جانلىنىپ قالدى.

«سانائى نەفىس گۇرۇپپىسى»غا ئورۇمچىدىن چاڭ، يومىلاق باش غىجەك، ئىسكىرىپكا، راۋاپ قاتارلىق چال-

---

① يۈسۈپ تالىپ — قەشقەرلىك زىيالىي، 1947 - يىلىدىكى پىچاندا بولغان ياشلار ئىنقىلابىدا گومىنداڭ تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ قۇربان بولغان. ئۇنىڭ بېشى لەمجىن، پىچان بازارلىرىدا كوچىغا ئېسىلغان.

ئۇشقا چىققىن دەپ،
چاقىردى باھار.

X

كىم ھورۇن بولسا،
پۇشماندا قالۇر.
ئەنە شۇ پۇشمان،
غەملەرگە سالۇر.

X

ئاشلىق ئۇخشايدۇ،
باتۇر قولىدا.
توقچىلىق بولۇر،
ماڭغان يولىدا.

X

كىمكى ئىشلىسە،
ياغلىق گىردە يەر.
ھورۇنلار ئاخىر،
قاغا جىگدە يەر.

X

ئوقۇيلى بىز:
يولداشلار! قېرىنداشلار!
ئوقۇيلى بىز ئوقۇيلى.
خەت يېزىشنى ئۆگىنىپ،
بىزمۇ رەختلەر توقۇيلى.

ئوغۇل-قىزلارنى تىزىپ بىر سەپكە
تۈرلۈك بىلىملەر بېرىش دەۋرى بۇ

X

ئەگرى يوللارنى توپ-توزلەپ ئېلىپ
يېڭى يوللارنى ياساش دەۋرى بۇ
ھەممە بىرلىكتە ئاشلىقنى تېرىپ
ئەركىن-ئازادە ياشاش دەۋرى بۇ

X

ئەر-ئاياللار تۆۋەندىكىدەك ئۇسسۇللۇق ناخشىلارنى ئورۇندىغان.

ئويغان دېھقانلار،
ئويغۇنۇش ۋاقتى.
ئاشنى جىق ئىشلەپ،
تويۇنۇش ۋاقتى.

X

يەرلەر يۇمشىدى،
كۈن ئىسسىپ بۈگۈن.
يەرنى چاپسانتەر،
ئاش پىشار تۆكۈن.

X

كەتمەننى چاپقان،
ئاش ئالۇر تاغار.

ئىشلار ئېغىر كەۋدىڭىزدە،
دېھقان ئاكا سالام سىزگە.

x

ئايال:

خەلقىم قايىل جەنىڭىزگە،
كەلدۈق مېھمان مەلىڭىزگە.
ئېلىپ قويۇڭ زەمىڭىزگە،
دېھقان ئاكا سالام سىزگە.

x

ئەر:

ئەلگە تۆككەن تەرىڭىزگە،
جاھان ئازلىق مېھرىڭىزگە.
خۇشال يۈرگەن چېھرىڭىزگە،
دېھقان ئاكا سالام سىزگە.

پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانائى نەفىسە ھەۋەسكارلىرى يۇقىرىقى نومۇرلارنى يۈرەكلىك ئورۇنداپ، خەلق ئاممىسىنى يېڭى روھقا يېتەكلىدى. يۇسۇپ تالىپ، ھەمدۇللا زايىت ① لار ناھىيىمىزنىڭ ئەدەبىي - سەنئىتىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ئىسھاق نۇر دېگەن بىر ئۇستا سەھنە ئارتىسىنى پىچان ناھىيىلىك سانائى نەفىسە گۇرۇپپىسىنىڭ

① ھەمدۇللا زايىت مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قازا تاپقان .

خەتنى بىلمىگەن ئىنسان،
خۇددى تىلسىز ھايۋان.
ئوۋدىن ئۇنۇم ئالالماس،
ئۇستا بولسىمۇ پالۋان.

X

ئىلىم - بىلىم ئۆگىنىپ،
تولۇق ئىنسان بولايلى.
ھەممە بىردەك تىرىشىپ،
يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى.

X

مەكتەپ دېگەن بىر جەننەت،
شۇ جەننەتنىڭ گۈلى بىز.
مەكتەپلەرگە بارايلى،
چوڭ - كىچىك ھەم ئوغۇل - قىز.

ئىككى ئەر، ئىككى ئاياللىق ناخشىلار،

دېھقان ئاكا سالام سىزگە:
ئاشنى سوزدۇم تەگىنىڭىزگە،
بىر سۆزۈم بار ھەممىڭىزگە.
ئاشىق بىزلەر پەمىڭىزگە،
دېھقان ئاكا سالام سىزگە.

X

ناھال قويدۇم چەمىڭىزگە،
دېھقان شەرەپ - شانىڭىزگە.

لۈكچۈندە دىنى مۇتەسسىپ كۈچلەرنىڭ تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، مۇشۇنداق بىر شارائىتتا «سانائى نەفىس» گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ناھايىتى زور بىر تەسىر قوزغايدىغان ۋەقە ئىدى.

1935 - يىلى لۈكچۈندە شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىندى، ئەخمەتنىياز ھاجى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، قادىر پالقانچى، يۈسۈپ شاگىرتلار مۇئاۋىن رەئىسلەر بولدى. نوئاخۇن، قىيىق دېگەن كىشىلەر بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئەخمەتنىياز ھاجىدىن كېيىن ئابلاسىلىم، نىياز مۇھەممەتلەر رەئىس بولدى. توختى رەجەپ، ئىسمايىل رەجەپ، سولايمان نىياز، سېتنىياز ۋاجىدى، سادۇللا سىراجى، ئىمىننىياز لەيسىلەر ئۇيۇشما خادىملىرى ئىدى.

يۈسۈپ باينىڭ بالىخانىلىق قورۇسى ئۇيۇشمىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى قىلىندى. ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيۇشما قارىمىقىدا 17 - 18 كىشىلىك بىر سانائى نەفىس گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. گۇرۇپپىغا:

ئىسمايىل ۋەلى

مەخمۇت ھەسەن

نىياز شاككاك

ئەخمەت نىياز داگوت

سولايمان نىياز

رېژىسورلىقىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى كەسپىي يېتەكچىلىك-
كە بەلگىلىدى. ئىسھاق نۇر كەلگەندىن كېيىن ئابدۇشۇ-
كۇر يالقۇننىڭ «شائىخەي كېچىسى» ناملىق دىرامىسىنى
ھەمدە «زەينەپكە تۆھمەت»، «ئۆلۈك ساتتى» دېگەندەك
كومېدىيىلىك ئويۇنلارنى تەييارلاپ خەلق ئاممىسى بى-
لەن ئۇچراشتۇردى.

بۇنىڭ بىلەن سانائى نەفىس ئۆمىكىنىڭ ئىناۋىتى
تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئۆمەك ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە جانلىق تەشۋىقاتچىلىق
رولىنى ئوينىدى.

خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تەلىپىنى يەنىمۇ قاندۇ-
رۇش ئۈچۈن سانائى نەفىسنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى
ياخشىلاش توغرا كېلەتتى، ئويۇشما مەسئۇللىرى بۇ
ئەھۋالنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىلەت سېتىشنى يولغا
قويۇپ، ئۆمەكنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى خېلى مۇستەھ-
كەملەپ ئالدى.

## لۈكچۈندىكى سانائى نەفىس گۇرۇپپىسى

لۈكچۈن — ناھىيىمىزنى ئىككى چوڭ رايونغا بۆ-
لۈپ تۇرغان يالقۇن تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان
تاغ ئاستى رايونىدۇر. بۇ يەر ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىي
مائارىپ ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان يەر ئىدى.

چىقاردى.

تۆمۈر بەكرى، نىياز شاككاكلار ئۆگىنىش كۆرسى-
دا مۇزىكا ئۆگىنىشتىن سىرت، غېرىب - سەنەم ناخشىلى-
رىنى ۋە غېرىب - سەنەم ئوپېراسىنىڭ سەھنىلەشتۈرۈش
ئارتىسلارىنىڭ رول ئېلىشى قاتارلىق دراما بىلىملىرىنى-
مۇ خېلىلا ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن
لۈكچۈن سەھنىلىرىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
كىلاسسىك چۆچىكى غېرىب - سەنەم تۆمۈر بەكرىنىڭ رې-
ژىسسورلۇقىدا سەھنىگە چىقىرىلدى. سەھنە دېكراتسىيەلى-
رىنى سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرى لايىھەلەپ، مەنزىرە، كۆ-
رۈنۈشلىرى، سەھنە قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازلىرىنى گەۋ-
دىلەندۈرۈشتە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن خېلى يۇقىرى سە-
ۋىيە ياراتتى. ئوپېرا لۈكچۈن بازىرىدا قويۇلغاندىن
كېيىن، يېزىلارغا داڭقى كېتىپ دالان، كارىز، يۇغانقىر،
ياڭخى، يېڭى كارىز، ئامانشاھ سىركىپ قاتارلىق جاي-
لاردىكى خەلق ئامىسىنى قاتتىق جەلپ قىلدى. بۇ
جايلاردىكى ئامىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سەنئەت گۇ-
رۇپپىسى سەييارە ئويۇن قويۇشنى باشلىۋەتتى. ئوپېرا
كىشىلەرنىڭ ئالقىش ساداسىغا ئېرىشتى. ئويۇننىڭ تەس-
راتىغا مەھلىيا بولغان دېھقانلار خۇشال بولۇپ كېتىپ
ئارتىسلارغا ئاشلىق، ئۈزۈم، پاختا، نەق پۇل قاتار-
لىق ماددىي بويۇملارنى توپلاپ تەقدىم قىلدى. لۈكچۈن

ئابلا قۇربان

ئىسمايىل ھاجى موتوسوپ

ئەلى ئاخۇن ھاكىم

قادىر راسىم

ساۋۇت ئىمىن

ھۇسىيىن ئابدۇللا

قاتارلىق كىشىلەر سانائى نەفىسىنىڭ سەنئەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى.

تۆمۈر بەكرى

ئىسمايىل مايزىن

ھۇسىيۈن ئابدۇل

يۈسۈپ سىتىنىياز پەمباش

نۇرسۇۋاڭ

سىدىق داتو

قاتارلىق كىشىلەر سانائى نەفىسىنىڭ سازچىلىرى ئىدى.

سانايى نەفىسىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، تۆمۈر بەكرى، نىياز شاككاكلارنى ئۈلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت كۇرسىغا ئوقۇشقا چىقارـ دى. ئۇلار كۇرستا ئىسكىرىپكا، غىجەك (يۇمىلاق ياـ غاچ باش)، تەمبۇر، نەي قاتارلىق چالغۇلارنى ئۆگىنىپ كەلدى. شۇ ۋاقىتتا پىچان سانائى مەفىس گۇرۇپپىسىمۇ نەمتۇل سۇنەيچىنى، چاڭ، ئىسكىرىپكا ئۆگىتىشكە

ئاست بەگ

شىرنىياز بەگ

قېيۇم تاراق

ئىسىن تۇيۇق

سەدۇللا توختى

ئەخمەت كازىم

ناسىر قۇربان

لاردىن ئىبارەت.

بۇ كىشىلەر ئۆزلىرى قوشاق توقۇپ، خەلق ئاھاڭلىرىغا سېلىپ، تېرىسىندا ناخشىلارنى مەشق قىلىپ، ئۆز دائىرىسىدە ئويۇن قويۇشنى باشلىدى. بىرىنچى قېتىملىق ئويۇن تۇيۇق مەكتەپنىڭ قورۇسىدا 100 دىن ئارتۇق كىشىگە كۆرسىتىلدى. بۇ ئويۇن كۆرگۈچىلەرنى ھەم خۇشال قىلدى ھەم رازى قىلدى. ئالقىشقا ئېرىشكەن ئۆمەك تۇيۇقنىڭ ياغىچى، ياغىچى كارىز، تۇيۇق سۇۋۇشى قاتارلىق مەھەللىلەرگىچە سەييارە پائالىيەتنى قانات يايدۇردى. ئۇلار يېزا مەھەللىلەرگە ئېشەك، ئات، خېچىر قاتارلىق ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلىرىنى قاتناش ۋاستىسى قىلدى.

بۇ گۇرۇپپا شۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ۋە ئورۇنلىغان نومۇرلىرى «قىرىق بىر يالغان»، ساناۋەر داستانىدىن پارچە، غېرىب ـ سەنەم ئوپېراسىدىن «نالەش»، «سەن نەيلەيمەن»، «قۇرئاندازىم»، «بۇلبۇلى»، «بىچارىسەن»، «كەل غېرىبجان»، «ئەلەما»، «ئەي يارانلار» ① ۋە بىرقانچە

---

① ئەي يارانلار — پەيزۇل. توختى غىجەك بىلەن زىل ئاۋازدا ئاياللارچە ئېيتىپ كىشىلەرنى ئەجەپلەندۈرگەن.

سانائى نەفىسە ئۆمىكىنىڭ بۇ خىل پائالىيىتى تۇيۇق رايونىغىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى.

## تۇيۇقتا سانائى نەفىس گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

تۇيۇق پىچان ناھىيىسىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمىدىكى يالقۇن تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى ئىسسىق، ئۈزۈم كۆپ چىقىدىغان، دىنىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە يۇرت.

تۇيۇقتا 1936 - يىلى تۇيۇق مەكتەپتىكى ① ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان 12 كىشىلىك بىر سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى توختىنىياز ئەپەندى، ئابلا سىلىم قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر تەشەببۇس قىلغان. بۇ گۇرۇپپىغا سەنئەتتىن خەۋىرى بار، خەلق ئىچىدە ساز چېلىش بىلەن نام چىقارغان كىشىلەر قاتناشتۇرۇلدى. ئۇلار:

پەيزۇل توختى ②

ئابدۇل نىياز

ھوشۇر تامچى

ئابدۇراخمان

---

① تۇيۇق مەكتەپ — 1936 - يىللىرى تۇيۇقتا شۇ بىرلا پەننىي مەكتەپ بار ئىدى.

② پەيزۇل توختى — ئايالچە ناخشا ئېيتىمدۇ.

ئەي دوستلارغۇ، ئەي دوستلار،
پاكىز تاماق ئىچەيلى.
خەلقلەرنى رازى قىپ،
ياخشى نامغا يېتەيلى.

بۇ ئەر - ئاياللىق ناخشا ئەينى ۋاقىتتا يېچان ناھىيىسىنىڭ شەھەر مەركىزىدە خەلقنىڭ ئالقىش ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىدى.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، يېچان خەلقىنىڭ ئەدەبىي - سەنئەت ئىشلىرى گۈللەپ ياشناش، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك قاينام تاشقىنلىق بىر ئەدەبىيات-سەنئەت داغدۇغىسىنى پەيدا قىلغان ئىدى. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتتا ھاكىمىيەت يۇرگۇزگەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر سەنئەتنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى. بۇ كۈنلەردە سوپا - ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىرى سەنئەتچىلەرنى، ئەل نەغمىچى ، داستانچىلارنى «جەدىت» لەر دەپ ھاشاغا ھايداش، سولاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ كېرەكتىن چىقاردى.

خەلق ئاممىسى بۇنىڭغا نارازى بولۇپ مانا مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

بىخ ئۇرغانىدى يېچاندىن،
ئەدەبىي - سەنئەت ئۇرۇقى.

ئوسسۇللۇق ناخشىلاردىن ئىبارەت. ئارتىسلارنىڭ ماھا-
رەت بىلەن ئورۇندىغان كانسېرت - نومۇرلىرى تويۇق
خەلقىگە مەنىۋى هوزۇر ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن رازى
بولغان خەلق ئۆمەكتىكىلەردىن ماددىي نەرسىلەر بىلەن
هال سورىدى. بۇ ئارتىسلارغا تېخىمۇ ئىلهام بولدى.

هەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان سىياۋئېر بايرىمىدا تو-
يۇق سەنئەت گورۇپپىسى، پىچان، لۈكچۈن ئۇيغۇر ئو-
يۇشمىلىرىنىڭ «سانائىي نەفىس ئۆمەكلىرى قاتارىدا ئو-
يۇنغا قاتنىشىپ كەلدى.

بۇ ئۆمەكنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى:

ئەر - ئاياللىق ①

ئەي دوستۇمغۇ - ئەي دوستۇم

بازارلارغا باردىڭمۇ؟

ئىپلاس - پاسكىنا دۇشىلەردە

گۆش چاپقىنىنى كۆردىڭمۇ؟

ئەي دوستۇمغۇ - جان دوستۇم

بازارلارغا باردۇق بىز

ئىت يالىغان دۇشىلەردە،

گۆش چاپقىنىنى كۆردۇق بىز

---

① ئەرلەر ئايالچە ناخشا ئېيتاتتى.

ئالدامچى سوپا ـ ئىشان،
سوپا ـ قالاقلار ئىشان.
ناچارلىقى بولمىسا،
ئۆزگىرەمدۇ بۇ ئىشتان. ①

X

توغرى تۇرمۇشنى بۇزغان،
سوپى بىلەن ئىشانلار.
ئەگەشكىنى ئۆلارنى،
ساپلا تەتۇر پىشانلار.

X

ئەلا مۇقام ناخشا ئېيتسا،
داموللىلار تىڭشايدۇ.
ياش ئەۋلادلار ئىشنى،
قايسى ئاخۇن ئوڭشايدۇ.

X

قېنى تەمبۇر، قېنى غىجەك،
ئۆي ـ ئۆيلەردە بار ئىدى.
خۇشاللىقلار نەگە كەتتى،
ئەجەپ زامان تارلىدى.

كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە مۇتەئەسسىپلەر بىزنىڭ روھى ئۆزۈقىمىزنى ئەنەشۇنداق مەھرۇم قىلغان ئىدى.

---

① ئۆزگىرەمدۇ بۇ ئىشتان — بۇنىڭدا مۇنداق ئىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 45 - يىلدىن ئازادلىققىچە بولغان ئارىلىقتا پىچانىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا سوپا — ئىشانلار گۇرۇھى ئەرسىز قالغان بىر قىسىم ئاياللارنى «سۇلۇك ئەزاسى» لىققا قوبۇل قىلىپ، شەھۋانە نىيەتتە بولۇپ رەسۋا بولغان قىياپەتنى كۆرسىتىدۇ.

«دىن» بىلەن بىزگە چەكلەش،
بۇ كىملەرنىڭ بۇيرۇقى.

X

قانچە يۈز يىل بۇ يەردە،
داستانچىلار قايناشقان.
پىچان خەلق ناخشىدا.
بۇلبۇل بولۇپ سايرىغان.

X

قارا نىيەت ئىشانلار،
زالىملارغا ماسلاشتىڭ.
پايدىسى يوق ۋاقىتلىق،
سەندەكلەرگە داتلاشتىڭ.

X

مىلىس مەشرەپ ماكانى،
دەپ تونۇلغان تويۇق سەن.
نەغمە - ناۋا، ساز - مۇقام،
نامىڭ بىلەن ئۇلۇغ سەن.

X

كۆڭۈل ئاچاي دېمىسەك،
جۇپتۇڭ ساڭا نە كېرەك.
كۆڭۈل خۇشال بولمىسا،
شوخ سۇقامدۇ بۇ يۈرەك.

لەمجىننىڭ بۇرۇنقى تارىخىي ئەھۋالى توغرىسىدا يازما ماتېرىيال يوق. بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن چوڭ كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ئەسلىمىلىرىنى هازىرغا قەدەر ئېسىدە ساقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ يادىدا قالغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئازراق ئاڭلىغانلىرىم بار، ئازادلىقتىن بۇرۇن بىر يازلىقى لەمجىن ئاشتانە مەھەللىسىنىڭ ئىمامى ئابدۇل خەلپەم بىلەن قوش گۈمبەزدا ئۇچرىشىپ قېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى. مانا قارا، قوش گۈمبەزدە تۇرۇپ لەمجىنگە قارىساڭ ئۇنىڭ ھەممە ئەتراپلىرى كۆرۈنىدۇ.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئاتامالارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە مۇشۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان ئويمانلىق پۈتۈنلەي قومۇشلۇق بولغان ئىكەن. ئاتا بوۋىلىرىمىز مۇشۇ قومۇشلۇقتا ئەمگەك قىلىپ، يەر ئېچىپ، قومۇشلۇقلار تۈگەپ مۇشۇنداق ياخشى جايغا ئايلانغان.

ئابدۇل خەلپەم 50 - يىللارنىڭ بېشىدا 85 نەچچە يېشىدا ۋاپات بولغان. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا بۇنىڭدىن 200 يىللار بۇرۇن بۇيەر بولۇق قومۇشلۇق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېيتىلىشىچە، لەمجىن سۇ بېشىدىن ياكى ئاغدۈگدىن ئاستانىغا بارماقچى بولغانلار ئاتلىق ماڭسا، ئاتنىڭ قۇيرۇقىنا ئەسكى داس ياكى چىلەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېسىپ

# پىچان ناھىيە لەمجىن يېزا، لەمجىن بازىرىدىكى «ھەزرىتى ئىلى قەدەم جايى» غوجام توغرىسىدا ۋە لەمجىن توغرىسىدا

ياقۇپ يۈسۈپ

لەمجىن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قۇمۇل بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان يولنىڭ بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك قاتناش تۈگۈنى ۋە ئۆتەڭ بولۇپ كەلگەن. شۇنداقلا ئۇ يەر ھەربىي جەھەتتىمۇ مۇھىم ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغان. ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى لۈكچۈن رايونى بىلەن تاغ ئۈستىگە قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش ئېغىزى بولغىنى ئۈچۈن، ئاھالە بىر قەدەر شالاڭ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ھەر تەرەپتىن بارىدى - كەلدى ئىشلىرى كۆپرەك بولغانلىقتىن، ھازىرقى لەمجىن مەھەللە كومىتېتى ئورۇنلاشقان جايدا بازار شەكىللەنگەن. شۇڭا بۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ھازىرغا قەدەر بۇ جايغا كىرمەكچى بولسا «شا» غا كىرىمىز دېيىشىدۇ.

ئۈستى تەرىپىدىكى كونا قەبرىستانلىق يېزا مەھەللىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كونا قەبرىستانلىق قاتارلىق كونا تارىخىي ئىزلار لەمجىن ئويمانلىقى بۇرۇن قۇمۇشلۇق، زەيكەش بولسىمۇ، ئۈزۈندىن بېرى لەمجىن ئەتراپىدىكى قولايلىق جايلارنى تاللاپ، بىرقانچە مەھەللىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنرەك كارىز چېپىپ، سۇ چىقىرىپ دېھقانچىلىق قىلىش كېڭەيگەندىن كېيىن، قۇلاق مەھەللىسى، قاغا مەھەللىسى، شور مەھەللىسى، تور كارىز قاتارلىق مەھەللىلەرگىچە كېڭەيگەن. لەمجىننىڭ ماچاڭ ئەتراپلىرى بۇرۇن زەيكەش، شاسلىق بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر ئازراق بولغان. شىمال تەرەپتىكى تەڭرى تاغلىرىدىن كەلگەن سۇ شاسلىقتا سىڭىپ تۆۋەنلىگەنسېرى سۇ يۈزى يۇقىرى ئۆرلەپ،[1] لەمجىندىكى ئويمانلىققا كەلگەندە بۇلاق ئارقىلىق ئېقىپ چىققان. ماچاڭ، چۇۋانقىر ئەتراپلىرى بىر قەدەر تۈزراق جايلار بولغاچقا، سۇلار يىغىلىپ سۇ يۈزى يۇقىرى ئۆرلەپ زەيلىك ھاسىل قىلغان. بۇ جايدا بۇرۇن بىرقانچە ئائىلىلىك دېھقانلار بولۇپ، تېرىلغان زىرائەتلىرىنى يىغىۋېلىپ دان ئايرىۋېلىش ئۈچۈن خامان قىلىدىغان يەر تېپىشمۇ ناھايىتى قىيىن بولغان.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىللار بۇرۇن لۈكچۈن ۋاڭ لەمجىن ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىشنى ئۇرۇنلاشتۇرغان.

ماڭىدىكەن. شۇنداق قىلغاندا ئۇ نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇپ ئاۋاز چىقارغاندا قۇمۇشلۇق ئىچىدىكى ياۋايى هايۋانلار ئۈركۈپ قېچىپ، يول يۈرگۈچىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا لەمجىن شانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جەينەك شەكىللىك جىلغا، شور بۇلاقتىكى جىلغىلارمۇ قۇمۇشلۇق بولغان ئىكەن.

لەمجىندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىدىن هازىرقى تارىخىي ئىزلارغا ئاساسلانغاندا، لەمجىن شا، (شىخىل تام) ئاستانە مەھەللىسى، مارخا مەھەللىسى، ئاغدۇڭ مەھەللىسى، يېزا مەھەللىسى قاتارلىق جايلاردا بۇرۇندىن تارتىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. شىخىل تامنىڭ شەرق تەرىپى دۆڭلۈك، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرى ئويمان، ئىككى تەرىپىدىن بىر نەچچە ئون بۇلاقلاردىن سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. تۇپرىقى ساغۇچ شىخىل ئارىلاش بولۇپ، ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشقا ئەپلىك، ئۆي سالغاندا تۇپراق شىخىل ئارىلاش بولغىنى ئۈچۈن شىخىل تام دەپ ئاتالغان. ئاستانە مەھەللىسىدىكى مەشىەت غوجام ئەتراپىدىكى دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىمۇ قۇرغاق، ئەتراپىدا بۇلاقلار كۆپ. غەرب تەرىپىدە غول بار، مېۋىي ياخشى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا ئەڭ ياخشى جايلارنى تاللاپ، ئولتۇراقلاشقان. شىخىل تامنىڭ شەرق تەرىپىدىكى دۆڭلۈكنىڭ

ئالۋاڭ سالغاندا شۇ يىلقى ئالۋاڭنى كۆتۈرەلەيدىغان
بىر ياكى ئىككى ئائىلىنى بىرلىك قىلغان، ئەمگەك كۈچى
كۆپرەك بولسا بىر ئائىلە، ئەمگەك كۈچى ئازراق بولسا
ئىككى ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ بۇ ئائىلىلەرنى يەككە
دەپ ئاتىغان. شۇ ۋاقىتلاردىكى ئالۋاڭ بىرلىكى بويىـ
چە لەمجىن 70 يەككە ھېسابلانغان، چوۋانغۇر 40 يەككە
ھېسابلانغان. 1930 - يىللارنىڭ بېشىدا لەمجىن ئاھالىـ
سى 300 ئائىلىگە كۆپەيگەن. لۈكچۈن ۋاڭ بوز يەر
ئېچىش ئالۋىڭى سالغان ۋاقىتلاردا لەمجىن ماچاڭدا باـ
سىپ ئاخۇن دېگەن كىشىنى كارىز چاپتۇرۇش ئۈچۈن چىـ
قارغان، باسىت ئاخۇن ماچاڭغا چىققاندىن كېيىن ۋاڭـ
لىققا ئاتاپ بىر كارىز (لەمجىن ماچاڭ سىناق پونكىتىنىڭ
كارىزى) ۋە تۇرلۇك يوللار بىلەن ئۆزى بىر كارىز چاپـ
تۇرۇۋالغان. بۇ باسىت ئاخۇن كارىزى دەپ ئاتالغان. بۇ
كارىزلارنىڭ سۈيى چىققاندىن كېيىن قۇتلۇق شالاق
دېگەننىڭ شالاق كارىزى، روزىمەت دورغىنىڭ كارىزلىرى
كەينى - كەينىدىن چېپىلغان. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتـ
زا لەمجىنگە كېلىپ ئورۇنلاشقان تۇڭگانلاردىن كاماـ
زا (جۇپوگۈي) ئىسقار (پەمىلىسى بى) لار ماچاڭ تەرەپـ
كە قاراپ ئىككى كارىز چاپتۇرغان، كارىزلارنىڭ چېپىـ
لىشى بىلەن يەر ئاستى سۇ يۈزى تۆۋەنلەپ ماچاڭدىكى
زېمىنغا ساسلىق تۈگەپ، دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن

يەر ئېچىشتا دېھقانلار ئاچقان يەرنىڭ بىر قىسمى ئوردا تەۋەلىكىدە بولۇش، بىر قىسمى يەر ئاچقانلارغا تەۋە بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قۇمۇشلۇقنى بۇزۇپ يەر ئېچىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى دېھقانلار يەر ئېچىشقا كىرىشىپ، بىرەر يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇمۇشلۇقلار تۈگەپ دېھقانچىلىق قىلغىلى بولىدىغان كەچىك - كىچىك پەلەمپەي ئېتىزلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. لەمجىن چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئوردا يېرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر نەچچە يۈز مو يەر بار ئىدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ يەرلەرنى دېھقانلار ھەر يىلى ئىجارىگە ئېلىپ كېۋەز تېرىيدىغان ئىدى. كېۋەز لەمجىننىڭ ئاساسلىق زىرائەتلىرىدىن بولۇپ، خېلى داڭقى بار ئىدى. شۇڭا:

ئالمىخاننىڭ ئاقلىقى
لەمجىندە ئاتقان پاختىدەك

دېگەن قوشاقلار توقۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا سېرىق تاماكا كۆپ تېرىلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سېرىق مانتو تاماكىسى خېلى مەشھۇر. بۇ ھەقتە:

غىدىر سىركىپتىن چىقۇر،
تاماكا لەمجىندىن چىقۇر.

دېگەن قوشاق تارقالغان.

لۈكچۈن ۋاڭ دېھقانلارغا بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن

نۇدۇ، بۇ جايدىن سەل ماڭغاندا ئەتراپى قۇمۇشلۇق جەنۇبىي تەرەپتە يېزا مەھەللىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدى- كى جىلغىدىن كەلگەن ئۆستەڭ سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ ۋە ئەتراپتا كۆپلىگەن بۇلاقلار بار. كىشىلەر قەبرىستانلىققا يېقىن بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان جايغا بىر گۈمبەز ئېگىز 4 — 5 ئادەم ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت سالغان. بىر نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئاھالىلار كۆپىيىپ، ناماز ئوقۇيدىغان ئادەملەرمۇ كۆپەيگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن لەمجىننىڭ ئاغدۇك مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق غو- جائەخمەت دوغا دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن گۈمبەزنىڭ ئالدىغا ئىشىكنى شەرق تەرەپكە قارىتىپ بىرەر يۈز ئادەم پاتقىدەك قىلىپ چوڭ بىر ئۆي سېلىپ ئالدىغا بىر پەشتاق ياساتقان.

ئىشىك بېشىغا غولجا، قوشقار مۈڭگۈزلىرىنى تىزىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشكە كەلتۈرگەن. ئىشىكنىڭ ئىككى ياقى- سىغا ئىككى تۈپ قاراتېرەك تىكىپ قويغان. مەدەنىيەت ئىن- قىلابىدا بۇ جاي بۇزۇلغاندا بۇ تېرەكلەر يوغىناپ ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكىدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەتتاھىر ساھىپ تەكبىر دېگەن ئادەمنىڭ ۋاق- تىغا كەلگەندە، كىشىلەرنى بۇ جايغا كۆپرەك جەلپ قىلىش ئۈچۈن، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە بىر تولۇق باغلاپ ئۈستىگە يوپۇق يېپىپ قويغان. كىشىلەرگە بۇ جاينى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن بۇ جاي

ياخشى شارائىت يارىتىلغان، هازىرمۇ تۆت ئۆي ئەترا-
پىدىكى مەھەللىلەرنىڭ يەر ئاستى سۈيى ئانچە تۆۋەن
ئەمەس. ماشىنىلاشقان قۇدۇق چېپىلسا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ.
ئائىلىلەردە كىچىك قۇدۇق كولاپ سۈيىنى ئىشلىتىدۇ.
بۇ ۋاقىتلاردا چۆۋانقىرنىڭ جەنۇبىي تەرىپى يوتۇق
ئەتراپىدا ئاق بۇلاق بىلەن چۆنجو ئارىلىقىدا 2
كىلومېتىردەك كېلىدىغان ياردائڭلىق بولۇپ، بۇ ياردائڭ-
لىقنىڭ ئەتراپى ھەممىسى چوغان تىكەنلىك بولغان.
بۇ ياردائڭلىق شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوغان تىكەن
بىلەن ئورالغان بىر قىرنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن
كىشىلەر بۇنى چوغان قىر دەپ ئاتاشقان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن چوغان قىر چۆۋانقىرغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. چۆۋانقىرنىڭ
شىمالىي تەرىپىدە تۆت ئۆيلۈك بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ
كىشىلەرنى يەكەنلىك دەيدىكەن، كېيىنچە بۇ مەھەللىنىڭ نامىمۇ
تۆت ئۆي دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. لەمجىننىڭ شېغىل تام
بىلەن يېزا مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كونا قەبرىس-
تانلىق بار، يېزا مەھەللىسىنىڭ جايلىشىشى دۆڭرەك
بولۇپ، جەنۇبىي تەرەپكە ئۇلانغان بۇ قەبرىستانلىقنى
ئاق تىكەن، ئازغان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر، ھەر يىلى ئۆ-
سۈپ، قىشلىقى قۇرۇپ، ھەر يىلى ئۈستى - ئۈستىگە يا-
مىشىپ ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەر بىر - بىرى بىلەن چىر-
مىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق كۆرۈ-

چىقتى. بۇ كېسەلنىڭ ساقىيدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ تۇر-
لۇك گەپلەرنى سېتىپ ئالدايدۇ. ئەگەر ناغرىنىڭ ئاۋا-
زى سۇس چىقسا كېسەلنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق
دەپ قارىغان. شۇنداق قىلىپ كېسەل بولغۇچىلار بۇ غو-
جامغا پات - يات كېلىپ تۇرغان. ئۇلارمۇ يا ئىلى يا-
سەمەت دەپ تۇۋلاپ تۇرغان. كېسەللەر بۇ يەرگە كېلىپ
ياغ پۇراتقان. بۇ ئۇلارنىڭ ئوبدان بىرۋاق ئوزۇقى بولغان.
باشقا ئېلىپ كەلگەن ئاشلىق، پاختا، ماي، چەكمەن، ما-
تا قاتارلىق نەرسىلەر ساھىپ تەكىبىرنىڭ دۇئاسى بىلەن
ئۆيگە كىرىپ تۇرغان. ساددا دېھقانلارنى ئالداپ نەپ ئا-
لالىغان موپسىپىتلارنىڭ بۇ ئىشى ئازادلىققا قەدەر داۋاملاشتى.
«ھەزرىتى ئىلى قەدەمجاي» ناملىق بۇ غوجام مەدەنىيەت ئىن-
قىلابىدا بۇزۇۋېتىلىپ ئۆينىڭ ئورنىغا مەدەنىيەت پونكىتى
سېلىندى.

ھەزرىتى ئېلىنىڭ قەدەم جاي، ئۆلۈغلارنىڭ مازىرى دەپ
خەلقنى ئىشەندۈرۈشكە كىرىشكەن. بۇ جاينى لەمجىن بو-
يىچە جۇمە نامىزى ئوقۇيدىغان جاي قىلىپ، ئۆزىنى سا-
ھىپ تەكبىر دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىن كىرگەن كىرىم بۇ
كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمىگىنى ئۈچۈن مۇنداق بىر ئىش-
نى ئويلاپ تاپقان.

بىر چوڭ تەشتەككە كالاتېرىسىنى يېپىپ ناغرا ياسات-
قان. بىر بېلىق قۇلۇلىسىنىڭ قېپىنى تاپقان. ئۆزىگە سادىق
يەتتە سەككىز دېھقاننى مۇرىت قىلغان. بۇلار غوجامدا كې-
سەل بولغانلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرىمىز دەپ
كېشىلەرگە تەشۋىق قىلىپ، كۆپ ئادەملەرنى قايمۇقتۇرغان.
ئۇسۇلى: كېسەل بولغۇچىنى غوجامنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، كېسەل
ئولتۇرالىغىدەك بولسا ئوتتۇرىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئولتۇرالمى-
غىدەك بولسا ئوتتۇرىدا ياتقۇزۇپ قويغان. ئۈچتىن ياكى تۆت-
تىن كىشى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېسەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇ-
رۇپ، بىر تەرەپ يا ئىلى دەپ توۋلىسا، يەنە بىر تەرەپ
يا سەمەت دەپ نۆۋەت بىلەن ھەر خىل ئىسىملارنى قات-
تىق ئاۋاز بىلەن توۋلايدۇ. ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ ئا-
رىلىقتا ناغرىنى ئۇرىدۇ، بېلىق قۇلۇلە قېپىنى قاتتىق پۈۋلەپ
ئاۋاز چىقىرىدۇ. بىر مەھەل تاۋلاپ ناغرىنى ئۇرغاندىن كېيىن
ئۆتۈن دۇئا قىلىدۇ. ساھىپ تەكبىر كېسەل بولغۇچى ۋە
كېسەل ئىگىلىرىگە ناغرىنىڭ ئاۋازى، ناھايىتى قاتتىق

ھاد قىلىۋاتقان قەشقەرنى مەركەز قىلغان قارىخانىلار خانـ
دانلىقىغا قاراشلىق خەلقلەر ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارـ
قالغاندىن كېيىن، ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە،
قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى خەلقلەر ئارىسـ
غىمۇ ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان. بىزنىڭ ئەجدادـ
لىرىمىز ئىسلام دىنىنى كېيىنرەك قوبۇل قىلىپ، بۇ دىن
تېخى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېتەلمىگەن ۋاقىتلاردا سەيدـ
ۋاققاس ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچى لەمجىن ئاستانىسـ
غا چىقىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ لەمجىندە تۇرغان مەزگىللىـ
دە ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىپ مەھەللىدىكى ياشقا چوڭـ
راق بولغان كىشىلەرنى ھەر كۈنى ناماز ئوقۇيدىغان ھاـ
لەتكە كەلتۈرگەن ۋە دىن ئېتىقادى سۆزلەرنى تۈرلۈك
يوللار بىلەن كۆندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ،
مۇسۇلمانچىلىق يولىغا كىرگۈزگەن. ئەمما ياشراق كىشىلەرـ
نى ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈش ئاسانغا توختىمىغان. ئۇـ
لار قارشىلىق پوزىتسىيىسىدە بولغانىدى، مۇسۇلمانچىـ
لىقنىڭ يوللىرى دىنىي تەرىقەت توغرىسىدا تەشۋىقاتنى
داۋاملىق كۈچەيتىپ بارغان. شۇنداق قىلىپ ياشلار ئاـ
رىسىدا قارشىلىق داۋاملىق كۈچىيىپ، بۇ بىر نېمىنى ئۆلـ
تۈرۈپلا تاشلىساق بىزگە ناماز ئوقۇشنى زورلايدىغان ئاـ
دەم تۈگەيدۇ دەپ قاراپ، بۇ دىن تارقاتقۇچىنى ئۆلـ
تۈرۈۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ.

# پىچان ناھىيە لەمجىن يېزا ئاستانە مەھەللىسىدىكى «قىسلاش غوجام» تۇغرىسىدا

پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى ئاستانە مەھەللىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بىر مازىرى بار. بۇ مازارنىڭ نامى «قىسلاش غوجام» دېيىلىدۇ. ھازىرغىچە كىشىلەر بۇ مازارغا ناھايىتى قاتتىق ئېتىقاد قىلىپ كەلمەكتە.

«قىسلاش غوجام» ناھىيىمىزگە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بىر تارىخىي ماتېرىيال. «قىسلاش غوجام» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى.

بۇ ماقالەمدە مازارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەرنى، ئەينى ۋاقىتتا توقۇلغان رىۋايەتلەرنى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇرىغا سۇنىمەن.

بۇندىن نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن بۇددا دىنىغا ئېتى-

كېچە - كۈندۈز كۈزەت قىلىدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ بۇ كىشى غاردىن چىقمايدۇ.

شۇ كۈنلەردە قۇمۇلدىن ھەر بىرى 10 دىن تۆگىگە يۈك ئارتىپ پىچانغا قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر، بىر تۇڭگاننىڭ تۆگە كارۋىنى پىچان ناھىيىگە 30 كىلومېتىر ماڭسا يېتىپ كېلىدىغان يول ئۈستىدە، بىر بۇلاق بېشىدىكى تال تۈۋىدە، ئوت قالاپ چاي قاينىتىۋاتقان بىر كىشىگە ئۇچراپ قېلىپ قۇمۇلدىن چىققان بۇ ئىككى كىشىمۇ بۇ يەرگە چۈشۈپ دەم ئالىدۇ. بۇلار ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، چاي قاينىتىۋاتقان كىشى كارۋاننىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سورايدۇ.

قۇمۇلدىن كەلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ لۈكچۈنگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى، سىلەر لۈكچۈنگە بارىدىغان بولساڭلار مېنىڭ شۇ تەرەپكە ئەۋەتىدىغان بىر كىچىكرەك خالتام بار ئىدى، ئالغاچ كەتسەڭلار دەيدۇ. قۇمۇلدىن چىققان ئىككى كىشى بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن ئۇلار يولغا چىقماقچى بولۇپ مېڭىش ئالدىدا «خالتىنى بېرىڭ، بىز يولغا چىقىمىز» دەيدۇ. ئۇ كىشى دەرھال يېنىدىن بىر سىقىم ئاق پاختىنى چىقىرىپ ئالدىدا كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ چوغىدىن قاقتەك ئېلىپ، پاختىغا ئوراپ، خالتام مۇشۇ دەپ ئۇلارغا بەرمەكچى بولىدۇ. ئەمما يولۇچىلار،

ئاستانىنىڭ غەرب تەرىپىدە بۇلاقسۇيى، تاغ سۇيى ئاقىدىغان چوڭ غول بار. ئۇزۇن يىللار سۇنىڭ ئېقىشى بىلەن سۇ يالاپ، غولنىڭ غەرب تەرىپىدە 20، 30 مېتىر ئېگىزلىكتە يارلىق پەيدا قىلغان. بۇ يارنىڭ ئۈستى تەرىپى تۈزلەڭلىك بولۇپ، دۆڭنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن غولغا چۈشكىلى بولىدىغان تار بىر جىلغا بار. مۇشۇ جىلغىدىكى تار يول بىلەن تۆۋەنلەپ 20 مېتىردەك پەسلىگەندە شىمال ۋە جەنۇب تەرەپكە 50 مېتىردەك كەڭلىكتە يانتۇراق 100m² كەلگۈدەك كەڭرى جاي بار. بۇ يەردە دىن تارقاتقۇچى ئۆزى كولىغانمۇ ياكى بۇرۇندىن بارمۇ ئەيتاۋۇر بىر غار بار. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر كىچىك بۇلاق بار. دىن تاقاتقۇچى جىلغىنىڭ شىمالىي باغرىدىكى مۇشۇ غاردا تۇرۇپ ئىستىقامەت قىلغان. دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان چاغدا تۆۋەنگە چۈشىدىغان تار يول ئارقىلىق ناغراخانىغا چۈشۈپ ئۇ يەردىن پەستىكى غولنى كېچىپ ئۆتۈپ، ئاستانە مەھەللىسىگە بېرىپ كېلىپ تۇرغان.

دىن تارقاتقۇچىغا قارشى تۇرغۇچىلار، بۇنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. غارغا كىرىپ ئىستىقامەت قىلىپ، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سىرتقا چىققان ۋاقتى دەپ ھېسابلاپ، بىر قانچە كىشى غارنىڭ ئاغزىنى پايلاپ ياتىدۇ. ئەمما بۇ ئادەم بىر كۈنگىچە سىرتقا چىقمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر نەچچە سىپنا بولۇپ

قوپقۇزالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر ھەمراسىنىڭ يادىغا يولدا ئۇچراشقان كىشىنىڭ خالتا ئەۋەتكەنلىكىنى كېيىنكە سېلىپ، «تۆگىنى ئۇرما، ئۇرساڭمۇ قوپمايدۇ؛ بىز مۇنۇ خالتىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەك تۆگە ئورنىدىن قوپمايدۇ»، — دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلارنىڭ تاماشا-سىنى كۆرىدىغان بىر مۇنچە كىشىلەر توپلىشىدۇ. كارۋان-لار ھېلىقى خالتىنى چىقىرىپ، توپلانغان كىشىلەر ئارى-سىدىكى چوڭراق كىشىلەرگە ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ خالتىنى تاپشۇرىدۇ. بۇلار پاختىنىڭ ئىچىدىكى چوغنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشىپ «بۇنى كىم بەردى؟» دەپ سورىشىدۇ، كارۋانلار «پىچاننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر قىزىل ساقال، قىزىل قاشلىق بىر ئادەم بەردى» دەيدۇ. موي-سىپىتلەر دەرھال غاردا قامىلىپ قالغان كىشىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قىزىل ساقاللىق كىشىنى يادئېتىپ، دەرھال ئۇ كىشىنى ئەكىلىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. دېگەندەك ئولتۇرغان بۇلاق تۈۋىدىكى تالنىڭ يېنىغا بارسا قىزىل ساقاللىق كىشى بار ئىكەن. لەمجىندىن بارغانلار بۇ ئادەمنى غارنىڭ ئىچىدە قامىۋالغان تۇرسا، ھېلىمۇ كېچە - كۈندۈز غارنىڭ ئاغزىنى ئادەم ساقلا - ۋاتىپ قانداق قىلىپ غاردىن چىققاندۇ، دەپ ھەيران قې-لىپ، غاردىن قانداق چىققانلىقىنى سورىغاندا، مەن مۇشۇ يەردىن چىقتىم دەپ ئۆزى تۇرغان يەرنى كۆر-

ق«انداق قىلىپ پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغنى ساقلىغىلى بولىدۇ، ئۇت كەتمەمدۇ» دەپ ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. ھېلىقى ئادەم پاختىنىڭ ئارىسىدىكى چوغنى كۆرسىتىپ، مانا سىلەر كۆرۈپ بېقىڭلار، ئۇت پاختىنى كۆيدۈرمەيدىغۇ، ئۇت كەتمەيدۇ دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن يولۇچىلار بۇنىڭغا ئىشىنىپ خالتىنى ئالىدۇ.

ئۇلار مېڭىش ئالدىدا ھېلىقى كىشى مۇنداق دەپ تاپىلايدۇ: بۇ خالتىنى لۈكچۈنگە مېڭىش يولۇڭلاردا لەمجىن ئاستانە مەشەت غوجامنىڭ ئالدىغا بارساڭلار بىر مۇنچە قېرى ئادەملەرگە ئۇچرىشىسىلەر، شۇلارغا بېرىپ قويساڭلار بولىدۇ. بۇ خالتىنى كىم بەردى؟ دەپ سورىسا قىزىل ساقال، قىزىل قاشلىق بىر كىشى بەردى دېسەڭلار بولىدۇ، دەيدۇ: «يولۇچىلار بىز ئۇنۇتۇپ قالساق قانداق قىلىمىز» دەپ سورايدۇ. ھېلىقى كىشى ئۇلارغا: «سىلەر غەم قىلماڭلار، سىلەر ئۇنتۇپ قالساڭلار، تۆگەڭلار ئۇنتۇپ قالمايدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆگە كارۋىنى يولغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇزۇن مېڭىپ سەپەر ھاردۇقى يەتكەن كارۋانلار لەمجىنگە يېتىپ كەلگىچە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان خالتا ئۇلارنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىكەن. دېگەندەك ئاستانە مەشەت غوجامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۆگە يېتتۈۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا كارۋانلاردىن بىرسى تۆگىسىنى

مۆبار. بۇرۇن بۇ جاينىڭ شەيىخلىرى بار ئىدى.

تۆڭگانلار بولسا (خۇپىيە مەزىبىدىكىلەر) ھەر يىلى قەمەرىيە 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چوڭ - كىچىك، ئەر-ئاياللار بۇ جايغا يىغىلىپ بىر كۈن نەزىر ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كېتىدۇ.

بۇ جاينىڭ يەر شەكلى تار، قىسىلچاق بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىرغىچە بىرەر كىشىنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، يەر شەكلىگە قاراپ «قىسلاش غوجام» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

سەتكەن. شۇنداق قىلىپ قىزىل ساقاللىق چىققان جاي
چىقتىم دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن. بۇلار
قىزىل ساقاللىق بىلەن كۆرۈشۈپ، لەمجىن ئاستانىگە
قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ كىشى مەن ئۇ يەر-
گە بارمايمەن. قۇمۇلغا بارىمەن، لەمجىن ئەمەلدارلىرى-
نىڭ قامچىسىدىن قان تامسۇن، ئەمەلدارىڭلار قۇدرەتلىك
بولسۇن. ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ
دۇئا قىلىپ قۇمۇل تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇلدىن چىققان بىر ئۇيغۇر،
بىر تۇڭگان بىرلىشىپ، قىزىل ساقاللىق، قىزىل قاش-
لىق دىندار، ئىستىقامەت قىلغان غارنى ئاساس قىلىپ،
جىلغىنىڭ شىمالىي يانباغرىغا ئۇيغۇرلار بىر گۈمبەز
ئېكىدۇ. تۇڭگانلار جەنۇبىي يانباغرىغا بىر ئېغىز
ئۆي سېلىپ. ئالدىغا لەمپە ياساپ، لەمپىنىڭ ئەتراپىغا
تاغاق قوپۇرۇپ ياسايدۇ. بولاق ئەتراپىغا دەرەخ تىكى-
دۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار-
نىڭ دىنى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جايىغا ئايلىنىپ
قالغان. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار دىنى تىلەك تىلەيدى-
غانلار، جاراھەت چىققانلار بۇ جايغا كېلىپ ياغ يۇرۇتى-
دۇ. چاچراتقۇ سالىدۇ. كىم قانداق ۋاقىتتا يادلانسا
شۇ ۋاقىتتا بېرىۋېرىدۇ. بەزى چەتتىن كەلگەنلەر ئىستى-
قامەتتە تۇرىمىز دەپ مەلۇم ۋاقىت تۇرۇپ قالىدىغانلار-

يىللار مابەينىدە خەلق ئارىسىدىكى ئاتىلىشىنىڭ سەل ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق ئارىسىدا بۇ مازارغا ئاساس سالغۇچىلار مەشەتلىكلەر دېگەن گەپلەر بار. ئەگەر بۇ مازار بىلەن ئېرىقنىڭ نامى بىرەر شەخسنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، شىنجاڭدا قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلام دىنى تارقالغان جاي ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ سۇنتاغ يېزىسى مەشەت مەھەللىسىدىن دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەنلەر بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىن ئۆلىماسى ۋاپات بولغاندا بۇ جاينى مازار قىلىپ، قالغانلىرى مازارنىڭ شەيخلىرى بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ھازىر لەمجىن ئاستانىدا مەشەتلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بار.

لەمجىن ئاستانە مەدرىسىنى 1920 - يىلى مۇھەممەت رېھىم ھاجى دېگەن كىشى ھەرەمگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن سالدۇرغان. بۇ مەدرىسىنىڭ ئورنى «مەشەت» غوجامنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولۇپ، ھازىرقى ئاستانە مەھەللىسىدىكى تەمىنلەش كوپېراتىپى ماگىزىنىنىڭ قارشى تەرىپىگە جايلاشقان.

مەدرىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 3 مو ئەتراپىدا بولۇپ، 2 قەۋەتلىك، ئىشىكىنى غەرب تەرىپىدىكى چوڭ يولغا قارىتىپ، 4 ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ كېمىر ئۆي،

# پىچان ناھىيە لەمجىن ئاستانە «مەشەت غوجام» ۋە ئاستانە مەدرىسى توغرىسىدا

پىچان — لۈكچۈن تاشيولى لەمجىن ئاستانە مەھەللىسىگە يېقىنلاشقاندا، قوش گۈمبەزدىكى داۋاندىن تۆۋەنلەپ ئەگىپ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئېرىقىنىڭ شىمالى بىلەن قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇپ، لۈكچۈن تەرەپكە سوزۇلۇپ كېتىدۇ. تاش يولنى كېسىپ ئۆتكەن قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي بۇلۇڭىدا بىر گۈمبەز ۋە ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان بىر نەچچە ئېغىز ئۆي، ئۆينىڭ ئالدىغا ياغاچتىن ياسالغان رىشاتكا ئورنىتىلغان بىر مازار بولۇپ، ئىشىكى غەرب تەرەپكە قارىتىلغان. كىشىلەر بۇ مازارنى «مەشەت غوجام» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مازارنىڭ ئالدىدىن كەڭرەك بىر ئېرىق ئېلىنغان بولۇپ، ئېرىق سۈيى مازارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 6 7 - بۇلاقنى كولاپ بىرلەشتۈرۈپ باشلاپ كېلىنگەنلىكى ئۈچۈن قىش - ياز ئېقىپ تۇرىدۇ. شۇ يەردىكى خەلقلەر بۇ ئېرىقنى ماشتىپرىق دېيىشىدۇ. بۇ مەشەت ئېرىقى دېگەن نامنىڭ ئۆزۈن

# پىچان بازار ئۇلۇغ تۇر مەدرىسى ۋە بازار چوڭ مەسچىت توغرىسىدا

## پىچان ئۇلۇغ تۇر مەدرىسىنىڭ تارىخى:

بىلىدىغانلارنىڭ ئەسلىشىچە، بۇندىن 200 يىللار بۇرۇنلا ئۇلۇغ تۇردا قەدىمىي مازار بار بولۇپ، كېيىن ئۇلۇغ مازارنىڭ جەنۇب تەرىپىگە «شېھىتلىق مەركىزى بولسۇن» دەپ بىر گۇمبەز ئەگدۈرۈلگەن ئىكەن. بۇ گۇمبەزنىڭ بىر كىلومېتردەك جەنۇبىغا قەبرىگاھلىق پاسىلى قىلىپ بىر جۇپ گۇمبەز ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ بىر نەچچە مېتر ئېگىزلىكتە بىر جۈپ تۇر سېلىنغان ئىكەن. شۇندىن بېرى بۇ شېھىتلىكنى ئۇلۇغلاپ «ئۇلۇغتۇر» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ كونا قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى ھازىرقى ماددىي ماللار شىركىتىدىن، «ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش» پونكىتى، ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن تارتىپ بۇ قۇر ئېرىقىغىچە سوزۇلغان.

تۇرنىڭ ئورنى. ماددىي ماللار ئىدارىسىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر ئولتۇرغان بىنالارنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

سايلاندى. بىر قانچە قېتىم ئىلغار دىنىي زات بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئابدۇللا داموللام 1987 - يىلى خوتۇنى سارىخان قۇشناچ بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدى. ئابدۇللا داموللام ھاجىم ھازىر خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا.

ئاستانە مەدرىس ئازادلىقتىن كېيىن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر تەرىپىدىن؛ بىر مەھەل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇزۇۋېتىلدى.

بىر نەچچە ۋاقت ئۆتۈپ، مەدرىسىنىڭ شىمالىي تە-
رىپىگە ئىككى قەۋەت قىلىپ پەشتاق سالغان، بىر قەۋە-
تى «ۋەششەمسىخانا»، بىر قەۋىتى موللامىلارنىڭ يازلىقى
ئولتۇرىدىغان دالان ئۆيى قىلىنغان. مەدرىسە پۈتكەندە
مەدرىسىدە تۇرغانلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن
يەر سۈيى كۆپرەك بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەدرىسىگە
ئاتاپ يەرلىرىنى ۋەخپە قىلىش تەشۋىقاتىغا ئاساسەن،
ئاز- ئازدىن ۋەخپە قىلدۇرىدىغانلار ئۆز يەرلى-
رىنى مەدرىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. دىھ-
قانلار ۋەخپە يەرلەرنى تېرىپ ئىجارىسىنى مەدرىسىگە
تاپشۇرۇشقا باشلىغان يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋەخپە
قىلىنغان يەرلەر كۆپىيىپ 10 دادەنىڭ (100 مو) گە
يەتكەن. ۋەخپە يەرلەرنىڭ كىرىمىنى، قازى ئاخۇن مۇد-
دەرسلار دەرىجىسى بويىچە بۆلۈشۈپ ئېلىپ بىر قىسمىنى
يېتىپ ئوقۇيدىغان تالىپلار ئۈچۈن چىقىم قىلىغانىدى.

مەدرىسىدە ئوقۇيدىغانلارغا ئىككى كىشى دەرس
ئۆتىدىغان، بىرى، كىچىكلەرگە ئېغىزچە ئۆگەتسە، يەنە بىرى،
ھەپتىيەك قۇرئاننى ئۆگىتەتتى. بىرىنىڭ ئىسمى ھەمزە
ئەمرى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى خوجىمەشۇق بولۇپ، بۇلار
بىر نەچچە يىل ئوقۇتۇش ئارقىلىق دەسلەپ قۇشتۇرلۇق
غوجا ئابدۇل مەنسۇر قەمەرىدىن دىگەنلەرنى قارى قى-
لىپ يېتىشتۇرگەن.

بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا پىچاندا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، موللاملار يوق دېيەرلىك ئىكەن. شۇ كۈنلەردە قەيەردىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولمىغان، ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئالتە نەپەر كىشى ئولۇغتۇر مازىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇلار كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي «بىز دىنىمىي قېرىنداشلارنىڭ بالىلىرىنى خالىسانە ئوقۇتىمىز» دەپ تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، بىر مەھەل ئۆتكەندە، ئوششاق بالىلار ۋە بالاغەتكە يەتكەنلەر بولۇپ 20 – 30 دەك كىشى ئوقۇشقا كەلگەن. سىرتتىن كەلگەن ھېلىقى موللاملار بىر تەرەپتىن، دەرس ئۆتۈپ، بىر تەرەپتىن مازارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا شىمالىي تەرەپتىكى دۆڭلۈك بوش يەرلەرنى ئاساس قىلىپ سوقما تام سوقتۇرۇپ مەدرىسىنىڭ دەسلەپكى چېگرىسىنى بېكىتكەن.

سىرتتىن كەلگەن دىندارلارنىڭ بىرەر يىلدەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ۋەز - نەسىھەت، ئەمىر - مەرۇپ قىلىشى ئارقىسىدا خەلقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، خالىس ياردەم قىلىش ئارقىلىق جەنۇبىي تەرىپىگە 16 ئېغىز (ئىشىكىنى شىمالغا قارىتىپ) شىمال تەرىپىگە 12 ئېغىز (ئىشىكىنى جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ) ھوجرا ئۆيلەرنى سېلىپ چىققان. شىمالىي تەرەپتىكى ھوجرىلاردا موللا - خەلپەتلەر، جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيلەردە بالىلار ئوقۇغان.

تى ئاز قىسمى قالدى. ئورنىغا 1980 - يىللار ئىچىدە خەلق بىر يېڭى مەسچىت سېلىپ ئالدى.

ئۇلۇغ تۆر مەدرىسىنىڭ ئۇزاقراق تارىخىنى بىلىدىغان پىچان بازاردا ئولتۇرۇشلۇق نەمتۇل ئىمام (ھاجىم) ھازىر 111 ياشقا كىرگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى سامۇت مەزىن 100 ياش ئەتراپىدا ۋاپات بولغان. ئاتىسىنىڭ، ھاجىم بالىلىق ۋاقتىدا ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى ۋە ھاجىمنىڭ ئۆزى ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئاساسىدا شىرىپ نەمەتنىڭ ياردىمى بىلەن رەتلەندى.

## پىچان بازار چوڭ مەسچىتى:

پىچاندا ناھىيە تەسىس قىلىشتىن بىر ئەسىر بۇرۇن، پىچان بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدە ئولتۇراقلاشقانلار كۆپرەك، سېپىلنىڭ تېشىدا ئاز بولۇپ، سامۇت ئىمامنىڭ قورۇسىدىن باشقا چوڭ قورۇ يوق. (ھازىرقى پوچتىخانىنىڭ ئالدىدىن شىمالغا سوزۇلغان چوڭ كوچىنىڭ ئېغىزى، سودا ئىدارىسى سېلىنغان جاينىڭ بىر قىسمى نەمتۇل ئىمامنىڭ دېنى ئىدى) ئۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقى مەسچىتنىڭ ئورنىدا ناماز ئوقۇيدىغان بىرلا ئېغىز ئۆي بار ئىدى مەزكۇر كىچىك مەسچىتنىڭ غەربىي چوڭ ئېرىقچە ۋە جەنۇبىي تەرىپى 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىگىچە بول-

بىر نەچچە يىل بالىلار ۋە ياشلارنى ئوقۇتۇپ ئىمام - مەزىن، قارىلارنى يېتىشتۈرۈپ قويغان. سىرتتىن كەلگەن دىندارلار بۇرۇن قانداق كەلگەن بولسا، بىر كېچىدىلا غايىپ بولۇپ كېتىپ قالغان. شۇندىن بېرى، ئاۋۋال ئۇلۇغ تۇر مەدرىسىگە يارقارى دېگەن كىشى ئەلەم ئاخۇن بولغان.

1840 - يىللارغىچە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ لىتىپ قازى ئاخۇن، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم، ھۇسەننىياز قازى، ئەۋەيت ئاخۇنۇملار قازى بولۇپ سورىغان. (1840 - يىلىدىن 1911 - يىلىغىچە ئارىسىتىكى قازى مۇددەرىسلەرنى ئېنىقلاپ ئالالمىدۇق)، 1911 - يىلىدىن كېيىن تىتىرلىق ئەۋەيت قازى، يۈسۈپ داموللام، ئىسمايىل داموللام (تۇرپانلىق) لار مۇددەرىس بولۇپ ئۆتكەن. «ئۇلۇغ تۇر» مەدرىسى پۈتۈپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپەيگەن. بۇرۇنقى پىچان يېزىسىغا تەۋە جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ تۇرغا كېلىپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇيدىغان ئىدى.

ئىككى ھېيت نامىزىنىمۇ بۇ جايدا ئوقۇيدىغان.

چوڭ يىغلىقتا (1933 - يىللىرى) مەدرىسىگە ئوت كېتىپ توختى خاجتۇ قاتارلىق كىشىلەر بىر نۆۋەت رېمونت قىلىپ ياسىغان.

ھازىر ئۇلۇغ تۇر مەدرىسى ۋەيران بولۇپ، ناھايى-

# پىچان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى ۋە بىزنىڭ چېلىشچى پالۋانلىرىمىز

ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئاتا-بوۋىلىرىمىز ھاياتلىق ئۈچۈن تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەرنى يېڭىپ، كارىز چېپىپ، سۇ چىقىرىپ، نۇرغۇن بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ، مۇنبەت ئېتىزلارنى ئېچىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ گۆھەر زېمىندا بايلىق يارىتىپ، بىزگە مىراس قالدۇرۇپ، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز ۋە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن.

ئۆتمۈشتە ئاتا-بوۋىلىرىمىز قەھرىمانلىق جاسارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ بالايى-ئاپەت-لىرىنى تۈگىتىپ، سەلتەنەتلىك دۆلەت قۇرۇپ، باتۇرلارچە دەۋران سۈرۈپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ، ئىلىم-مەرىپەتكە كەڭ يول ئېچىپ، جاھان مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ۋاقىت-لىرىمۇ، جەمئىيەتتىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەر تۈپەيلى، سىنىپىي، مىللىي، دىنىي ئاسارەتلەرنىڭ چىرمىۋېلىشى

غان جايلار كۆرلۈك ئىدى. ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن باشقا جايلاردىن كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ شەھەر تېشىدا ئولتۇرىدىغان ئادەملەر كۆپەيگەن.

ناماز ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپەيگەن. مەسچىت ئەتراپى-دىكى كۆرلۈكنى تازىلاپ 150 كىشى سىغقىدەك چوڭ بىر گۈمبەز ئەگكەن، بارا - بارا، ھەر يىلى مەسچىتنىڭ دا-ئىرىسىنى كېڭەيتىپ ئەتراپىنى قورشاپ، گۈمبەزنىڭ ئال-دىغا لەمپە ياساپ، پەشتاق سېلىپ، جۈمە نامىزى ئوقۇي-دىغان چوڭ مەسچىت بولۇپ قالدى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئازادلىققا قەدەر بۇ مەسچىتكە سامۇت ئىمام، ئاستانىلىق زەپەر ئىمام، ھە-ۋىل موتوسۇپ، ھۆيىزۇل ئىمام، سىراجىدىن قارى (تۇر-پانلىق) ناتىق ئىمام، نەمتۇل ئىماملار ئىمام بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، بايىز داموللام، توختى قازى، ئابلا قارى (توختى قازىنىڭ ئوغلى) لارمۇ ئىمام، ئىسىن مە-زىن، ئىبراھىم مەزىن، ئابدۇل سونجاڭلار مەزىن بولغان.

ئەسلىدە بۇ مەسچىتنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 15 مو ئەتراپىدا ئىدى.

ھازىر تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئورنى كىچىكلەپ ھازىرقى ئورنىنى ساقلاپ قالالىدى. گۈمبەز 1940 - يىل-لىرى ئىچىدە ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ھەممە يېرى بىر نۆۋەت رېمونت قىلىنغان.

كەلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ زامانلاردا سەھنىدە، قويۇلىدىغان تىياتىر، كىنو، تېلېۋىزور بولمىغان بىلەن چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە يارىشا كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىنى، چېنىقىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى... قىز-يىگىتلەرنىڭ تويى بولغاندا، نورۇز بايرىمىدا، سەھراغا چىققاندا، سۈننەت تويلاردا ياش قوراميغا قاراپ پائالىيەت ئۇيۇشتۇرىدۇ. تويىنىڭ قورۇسى بولغان كۈنى پۈتۈن يۇرت بىر يەرگە جەم بولۇپ، كۈندۈزى ناغرا-سۇنايغا ئۇسۇل ئوينايدۇ. يىغىش قىلىدۇ. ئات ئويۇنى ئوينايدۇ. كەچتە چوڭلار نەغمىچىلەردىن مۇقام ئاڭلايدۇ. ياشلار بولسا، قېيىت مەشرىپى مېلىس ئوينايدۇ، چېلىشىدۇ، ياشلار ۋە بالىلارنىڭ ئويۇن پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ. ئۇلار ئىتتىپاقلىق-ئۆملۈكنى، باتۇرلۇقنى، سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرىدىغان، تەن-ساغلاملىقنى كۈچەيتىدىغان ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. لاچىن-كەپتەر ئويۇنى، چامغۇر-زەدەك ئويۇنى، گاگار ئويناش، كۈلەڭگۈچ ئۇچۇش، پاختا توپ ئويناش، تەپكۈچ تېپىش، ئېشەك ئويۇنى، مۇز تېيىلىش، پىرقىلىدىغۇچ نۇر ئويناش، لىڭگىر-تاق ئويۇنى، قاپاق كۆيدۈرۈش، رەگەتكە ئويناش، چاكوم ئويناش، قومسلاق سېلىپ ئويناش، بۆلۈنۈپ جەڭ قىلىپ ئويناش، تېكە ئويناش، كۆزنى ئېتىپ قويۇش ئويۇنى، دۇم-دۇم ئويناش، جۇپ يالاڭ تۆشۈككە ياڭاق

بىلەن زۇلمەتلىك، جاھالەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. زۇلۇم دەستىدىن قەددىي پۈكۈلگەن مۇشەققەتلىك كۈنلەردە ئۇيغۇر خەلقىغە خاس مىللىي سەنئەت ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ قالمىغان ئەجدادلىرىمىز، ئېغىر روھى ئازاب ۋە جىسمانىي ئەمگەكتىن كېيىنكى ھارغىنلىق ۋە چارچاشنى مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا بىلەن يېقىپ، ئۇنىڭدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، روھىنى ئۆستۈرۈپ، جاپالىق كۈنلەرنىمۇ خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، روھى تېتىك، جاسارەتلىك، كۈچتۈڭگۈر، ساغلام بەدەن، قەھرىمان ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈپ كەلگەن. شۇڭا ئاخشاملىرى ئۆيلەردە ئەر-ئاياللارنىڭ دۇتار، ساتار بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرى، ياشلارنىڭ غىجەك، تەمبۇر، داپ بىلەن تەڭكەش قىلىنغان مۇھەببەت ناخشىلىرى، توي ناخشىلىرى، مېلىس ناخشىلىرى، ئېتىزغا كېتىۋېتىپ، ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، ئاخشىمى پاراڭدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئېيتىلغان كوچا ناخشىسى، كېۋەز چاغلىغان ۋاقىتلىرىدىكى چاغلام ناخشىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۈزۈلمەي ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاۋازلىرىنى ھەممە ياقتىن ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ھەتتا يارىتقۇچىنىمۇ ئۇنتۇپ ئەتىگەندە ھەيۋەت چېلىنغان ناغرا بىلەن سۇناي ئاۋازى، كوچا-كوي، مەھەللە، يېزىلارنى چاڭ

بىلەن ئۇسسۇل ئويناش باشلىنىدۇ. مەيدان چوڭ بولسا، 10-20 ئادەم ئۇسسۇل ئويناۋېرىدۇ. ھەربىر ئۇسسۇل ئوينىغۇچى توختىغاندا، تازىم-ئىكرام بىلەن يەنە بىرەي-لەننى ئۇسسۇلغا تارتىپ قويۇپ چۈشۈپ كېتىدۇ. مەيداندا ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارغا ئاتا-ئانىسى، دوست-يارانلىرى پۇل قىسىدۇ، ياكى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇدۇ.

ئوتتۇرىدا پەتنۇس كۆتۈرۈپ «شەر-شەر»دەپ ۋارقىراپ ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن قىزىقچى، توي ئىگىسى، ياكى باشقىلار تەرىپىدىن پەتنۇسقا سېلىنغان پۇلنى ناغرا-سۇنايچىلارنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ تۇرىدۇ. يۇرت چوڭلىرى، قۇدىلار، قىز-يىگىتلەر ئۇسسۇلغا تارتىلغاندا تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ. نازىرگۇم بىلەن جاق-جۇمبۇرجاق ئۇسسۇلىنى ئوينايدىغانلار كۆپ ئەمەس، بۇئۇسسۇلنى ئويناش قىيىنراق. شۇڭا ناغرا-سۇناي نازىرگۇمغا چېلىنغاندا قىزىقچىلىق قوشۇلۇپ ئوينىلىدىغان بۇ ئاخىرقى ئۇسسۇل ئوينالغاندا مەيداندا قىغاس-چۇقانلار باشلىنىپ، توي ئۇسسۇلى ئەڭ ئەۋجىگە چىقىپ ئاخىرلىشىدۇ. ئۇسسۇل ئاخىرلاشقانغا قەدەر مەيداندا تەرتىپ ياخشى بولىدۇ. ھازىر چوڭ ياشلىقلار سەپتىن چىقىرىلىپ، مەس تويغا ئايلىنىپ قالدى. تويىنىڭ قورۇ كۈنى توي ئىگىسىنىڭ تۇغقانلىرى، يار-بۇرادەرلىرى توي سوۋغىتى تەقدىم قىلىدۇ، سوۋغات قىلىنغان رەخت بىلەن

ئېتىپ ئويناش، تۇخۇم چېكىشىش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، مىس پۇلنى تامغا ئۇرۇش ئويۇنى ۋە كەچتە بالىلار تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ چۆچەك ئېيتىشىدۇ. يېزىلاردا دېھقانلار ئەتىياز، ياز كۈنلىرى ئالدىراش ئىشلەپ، كۈزنىڭ باياشات كۈنلىرىدە، قىش كىرگەندىن كېيىنكى بوش كۈنلىرىدە توي قىلىشقا ئادەتلەنگەن. توي قىلىدىغان ئائىلىلەر توي تەييارلىقىنى قىلىپ ئىككى تەرەپ قۇدىلار كېلىشكەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ، يىگىت ئاغىنىلىرى بىلەن تويلۇققا بېرىش، ئۇچۇن يانتاق چېپىپ ئەكىلىشكە كىرىشىدۇ. (تويلۇققا يانتاق بېرىدىغان قائىدە بار) توي كۈنى بىكىتىلگەندىن كېيىن، يىگىت قولداشلىرى بىلەن ئاتلىق ياكى پىيادە يۈرۈپ، مەھەللىلەر بويىچە يۇرتنى تويغا چىللايدۇ. 2- كۈنى قىز كۆچۈرۈپ كېلىنىدۇ. 3- كۈنى توينىڭ قورۇ كۈنى بولۇپ، مەخسۇس بىر چوڭ مەيدان تەييارلىنىدۇ. مەيدانغا كىگىز، پالاس قاتارلىق بىساتلار مەيدانىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنىدۇ، قۇدىلار ۋە يۇرت چوڭلىرىغا ئاتاپ ئۈستەل قويۇلىدۇ، ئۈستەلگە قەن-گىزەك، چاي قويۇلۇپ، تويغا كەلگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نام-ئەمەلى، ياش-قۇرامى، ئاياللار تەرتىپ بويىچە مەيدانىنى ئايلىنىپ ئورۇن ئالىدۇ. ئېگىزرەك جايدىن ناغرا-سۇنايچىلارغا ئورۇن ھازىرلىنىدۇ، كۆپچىلىك يىغىلىپ، ناغرا-سۇناي چېلىنغاندىن كېيىن، تەرتىپ

مۇنچە چوقان سۈرەنلەردىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ قوشۇ-
لۇشى بىلەن قىزنىڭ يەڭگىسى قىزغا ۋەكالىتەن داستا
ئېلىش، ياغلىق يېيىشىنى بېجىرىپ قويىدىغانلارمۇ بار.
قىز تەرەپ چۆچۈرە تۈگۈپ، پىشۇرۇلغان چۆچۈرىنى
قىز بىلەن يەڭگىسى بىرلىكتە ياشلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا
ئېلىپ كىرىدۇ. قىز بىر چىنە چۆچۈرىنى پەتنۇسقا سېلىپ،
تازىم بىلەن يىگىتكە تۇتىدۇ. قىز يەڭگىسى يىگىت
قولداشلىرىغا بىر-بىرلەپ چۆچۈرە تۇتىدۇ. بىر نەچچە يې-
لەنگە تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ياشلاردىن پايلاپ
تۇرغان بىرسى چۆچۈرە قاچىلانغان كورىنى چەبدەسلىك
بىلەن ئېلىۋېلىپ، تاشقىرىغا ئېلىپ قاچىدۇ. بىر نەچچە يې-
لەن قوغلىشىپ چىقىپ، خالى بىر جاينى تېپىپ،
چۆچۈرىنى يەپ تۈگىتىدۇ. مانا بۇلار قىز بىلەن
يىگىتنىڭ هايا بىلەن ئۆتكۈزگەن هازىرقى زامان ۋىچىر-
كىسىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىتلەرنىڭ چومبەل مېلى-
سىدە قىزنىڭ چومبىلى ئېلىۋېتىلىدۇ. قۇدىلار ئۆز-ئارا
چىللىشىپ، توي ئاخىرلىشىدۇ. توي كۈنلىرى توي
ئىگىسى يۇرتقا ئاش تارتىپ بەرگەندىن تاشقىرى ياشلار-
نىڭ تۇرلۇك ئويۇنلىرىنىڭ چىقىملىرىنى ياشلار ئۆزلىرى
هەل قىلىدۇ. توي 3~4 كۈن داۋام قىلىدىغان بولغان-
لىقتىن، تۇغقانلار، دوست-ئاغىنىلىرى، قولۇم-خوشنىلار
يېقىندىن هەمكارلىشىدۇ. ياڭخىلىقلاردا

پۇل، رەخت ئۈستىگە پۇل بىر-بىرلەپ مىخلىنىپ، ئىشىك بېشى پاكى ئاربىلىقىنىڭ تاملىرىغا ئېسىپقويۇلىدۇ. قوي ئېلىپ كەلگەنلەر قوينىڭ بېشىغا بىر پارچە رەختنى چىگىپ، قوينى مۇرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ كىرىپ تەقدىم قىلىنىدۇ. قۇدىلار ئۆز-ئارا مېۋە-چېۋە تەييارلاپ «قۇدىلار خېنىمىسى»-دەپ تەقدىم قىلىشىدۇ. يىگىت-قىزلار، يىگىتنىڭ دوستلىرىمۇ خېنىنا سوغۇا قىلىدۇ. ياشلار قىيىت مەشرىپى ئۆيىنىغاندا، تەرتىپ ئىنتىزامىنى بۇزغۇچىلارغا جازا چارىسى بىلەن يىغىلغان مېۋە-چېۋە-لەر ناھايىتى كۆپ يىغىلىدۇ. خېنىنا قىلىنغان مېۋە-چېۋە-لەر بىلەن جازا مېۋىلىرى قىيىت مەشرىپى. مېلىس تۈگىگەندىن كېيىنكى ياشلارنىڭ ئۆز-ئارا ئولتۇرۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ، يىگىت تەرەپتىن چىقىم قىلىنمايدۇ. يىگىتنىڭ بېشىغا داستا كەيگۈزۈلۈپ، بوينىغا كىچىگرەك، بېلىغا چوڭراق ياغلىق چىگىپ قويىدۇ. يىگىت قولداشلىرى توي تۈگىگەنگە قەدەر ئۇنى«سولتان» دەپ ئاتايدۇ. ياشلار بىر يەرگە توپلىنىپ، يىگىتنىڭ داستىسىنى قىزغا ئالدۇرىدۇ. بوينىغا چىگكەن ياغلىقنى يەشتۈرىدۇ. بەزىلەر قىزنى ياغلىقنى ئۇزاقراقتا يەشتۈ-رۇش ئۈچۈن مەھكەم چىگىدۇ، پاكى ياغلىقنىڭ ئۈچىنى چىگكەن جايغا تۆمۈر تىكەننى قوشۇپ چىگىپ قويىدۇ. بەزىدە قىز بەك تارتىنچاق بولۇپ تۇرۇۋالسا، بىر

نەچچە مەھەللە بويىچە، يېزا بويىچە، ناھىيە ۋە ناھىيە ئاتلاپ، بىر نەچچە يۇرتنى چىللاپ يىغىش قىلىدىغانلارمۇ بار. يېزا ۋە ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىشلارنىڭ داغ - دۇغىسى زور بولىدۇ. ئورۇن ياخشى تاللىنىدۇ. يىغىش بولغان كۈنى كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن، سېتىقچىلار ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. بىر كۈن بازارلىق بولىدۇ. يىغىش بولغاندا تەرەپپازلىق كۈچلۈكرەك بولۇپ، ھەر قايسى ئۆز مەھەللىسى، ئۆز يېزىسىنىڭ چېلىشچىلىرىنىڭ زور بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقتىن بەزىدە جېدەللەرمۇ چىقىپ قالىدۇ. يىغىشتا ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈپ مۇكاپات تارقىتىلىدۇ. ئادەتتىكى چېلىشچى لۇڭگە ياغلىق، 2 - دەرىجىلىكلەر قوي بېشى (باشقا نەرسە قوشۇپ بېرىدىغانلارمۇ بار) ئالىدىغانلار. بۇ خىلدىكىلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىرىنچى دەرىجىلىك چېلىشچىلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، ناھىيە بويىچە بىر نەچچە كىشىلا ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ. بۇ خىلدىكى چېلىشتا يەڭگەنلەرنى زور - دەپ ئاتاپ، ئۇرۇش قىلىپ بىر شەھەر ئالغاندەك ئاتاققا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭغا كالا بېشى مۇكاپات بېرىلىدۇ. قوشۇمچە مۇكاپاتلىرىمۇ بار. كالا بېشى ئالغان زور، قايسى يۇرتلۇق بولسا، شۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن كۈچلۈكرەك بىرسى زورنى مۇرىسىگە مىندۈرىدۇ. زور

بىرسى توي قىلسا، قولۇم-قوشنىلار
تەڭ نان يېقىپ تەييارلىق قىلىدىغان ياخشى ئادەت
بار. مەھەللىسىدىن باشقا جايلاردىن تويغا كەلگەنلەر
قوشنىلارنىڭكىدە يەپ - ئىچىپ توي ئوينايدۇ. كۈز
كۈنلىرى باشلىنىپ كەتكەن تويلار بىر - بىرىگە ئۇلى-
نىپ، ئەتىياز تېرىقچىلىق باشلانغىچە داۋاملىشىدۇ. ياش-
لار بىر تويغا كەتكەنچە ھەپتە - ئون كۈن ئۆيىگىمۇ
بارماي ئوينايدىغانلار تولا.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈلىدىغان تويلارغا يىغىش - كەم بول-
سا بولمايدىغان، ھەممە كىشى قىزىقىپ كۆرىدىغان پا-
ئالىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. باللار ئۆسمۈر-
لۈك دەۋرىدىن باشلاپلا بوش ۋاقىتلاردا چېلىشىپ ئوي-
نايدۇ. بالاغەتكە يېتىپ ئۆسۈۋاتقان، كۈچكە تولۇۋات-
قان ياشلار تېخىمۇ شۇنداق. چېلىشىش ئۈچۈن قۇملۇق،
ئوت - چۆپلۈك جايلار ناھايىتى مۇۋاپىق بولۇپ، خە-
تەرلىك ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ياشلار داۋام-
لىق كۈچ سىنىشىدۇ. يىقىلغان چېلىشىشقا تويماپتۇ دې-
گەندەك، ياشلار ئۆز - ئارا يىقىلىپ قالسا، ئار ئال-
مايدۇ، چېلىشقانسېرى قىزىپ كېتىدۇ. يىغىشنىڭ چوڭ -
كىچىكلىكى دائىرىسى توي ئىگىسىنىڭ مەرتىۋىسى، ئىق-
تىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بەزىدە بىر

نىياز يوپاڭ، ئىسمايىل زور، سېيىت زور، ھۆسىيىن مەتكاچىت قاتارلىق داڭ چىقارغان چېلىشچىلىرىمىز بار.

مەن بۇ ماقالەمدە ئاتاقلىق زورلىرىمىزنى ھۆرمەت ھېسسىياتىم بىلەن ئەسلەپ. كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدىكى باتۇرلۇق پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## نىياز نەمەت

نىياز نەمەت 1901 - يىلى پىچان يېزا، يېڭى يەر مەھەللىسىدىكى نەمەت يوپاڭنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. نەمەت يوپاڭ دېھقانچىلىق، قوشۇمچە قاساپلىق، باغ تارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن. ئاتىسىنىڭ لەقىمى بىلەن نىياز يوپاڭ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، دىنى مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىپ ئالغان. ياش ۋاقتىدىلا دوستلىرى بىلەن چېلىشىشنى باشلىغان. ئۇنىڭ بويى مەزمۇت بولغانلىقتىن، 16 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆزىگە تەڭ قوراملىق ياشلار ئىچىدە بۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغانلار چىقمىغان.

1937 - يىلى غوجامنىياز ھاجى ئاستانىدا توي قىلغان ۋاقتىدا 3 ناھىيە خەلقىدىن نۇرغۇن ئادەم يىغىلغان. بۇ تويدا داۋاز ئويۇنى ۋە چوڭ يىغىش ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ تويغا نىياز يوپاڭمۇ باشقا ھەمراھلىرى

كالا بېشىنى بىر قولى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قالغان يۇرتلۇقلىرى سۇرەن ـ چۇقان بىلەن ئۇتتۇرىغا ئېلىپ مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

چېلىشىش ئۇسۇلى ئۆز يۇرتىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە، چېلىشقا چۇشكەنلەر هازىرقىدەك ئېغىر ـ يېنىكلىكى بىلەن هېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئىككى چېلىشچى ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ ئۇڭ يوتىسىغا تەييارلاپ قويۇلغان پوتىنى چىگىدۇ، هەر ئىككىسى سول قولى بىلەن پوتىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ چېلىشقا كىرىشىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ دۈمبىسىنى يەرگە تەككۈزۈپ يىقىتقاندا يەڭگەن هېسابلىنىدۇ. بىر چېلىشچى ئىككى ئادەمنى يىقىتقاندا، مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدۇ. چېلىشتا كۈچ بىلەن پەنتە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشقا سېلىنىدۇ. يالغۇز قارا كۈچكە تايىنىپلا چېلىشقا چۈشكەندە، قارشى تەرەپ ئۇستىلىق بىلەن پەنتە ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى يىقىتىپ تاشلايدۇ.

ئازادلىققا قەدەر ناهىيىمىزنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا يىغىش بولغاندا، چېلىشىپ نام چىقارغان لۈكچۈنلۈك قاسىم زور، جوۋانغىرالىق قادىر شاڭجاڭ، ياڭخىلىق يۇنۇس ئۆمەر، تۇيۇقلۇق قايىت قاتارلىق چېلىشچىلار ئۆتكەن. بۇنىڭدىن باشقا خەلق ئارىسىدا ناهايىتى زور شۆهرەتكە ئىگە بولغان پالۋانلىرىمىزدىن:

ۋېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان.

نىياز يۈپاك تىجارەت ئىشلىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارماقچى بولۇپ، دوستى ھۆسىيىن مەتكاجىت بىلەن سەپەرگە چىقىپ، قارا شەھەرگە بارغاندا، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالىدۇ. سودىگەرلەر ئۇنىڭ كۈچىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، مىڭ جىڭ تۆمۈرنى قارا شەھەر دەرياسى كۆۋرۈكىدىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ تەلەپ بويىچە 500 كىلوگرام تۆمۈرنى كۆتۈرۈپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈپ 10 قەدەم نېرىسىغا ئاپىرىپ تاشلىغان.

كۈز كۈنلىرى خامان ئالغان ۋاقىتلاردا ئۆز مەھەللىسىدىكىلەر بىلەن بەسلىشىپ، تۆت كۈرە ئاشلىقنى تاغارغا قاچىلاپ، چىشى بىلەن چىشلەپ كۆتۈرۈپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يۆتكىگەن. ھۆسىيىن مەتكاجىت بىلەن تاغقا چىققاندا، قازاقلار بىلەن بەسلىشىپ، تۆگە، ئاتلارنى مۈرىسى بىلەن كۆتۈرۈپ، ئون نەچچە قەدەم مېڭىپ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان. ئۆزىنىڭ ئارغىماق ئېتىنىڭ نوختىسى ئۆرلەپ قالغاندا، ئاتنى كۆتۈرۈپ، يىقىتىپ، بوينىنى دەسسەپ تۇرغاندا، باشقىلار ئاتنىڭ نوختىسىنى ئالغان. ئاتنىڭ پۇتىنى چۇشىمىگەن. توسۇن ئاتلارنى تۇتۇشمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانچە ئىش ئەمەس. بىر قېتىم پىچانلىق پومېشچىك ماشاڭفۇ بىلەن يولدا ئۇچرى-

بىلەن بىللە بارغان. مۇشۇ قېتىمقى يىغىنىشتا، زور - دەپ
ئاتىلىپ كەلگەن دەرۋىش ھاجى دېگەن كىشىنىڭ ھا-
سان - ھۈسەن ئىسىملىك ئىككى ئوغلىنى چېلىشىپ يە-
ڭىتقاندىن كېيىن، قومۇلدىن كەلگەنلەر ئىچىدىن ۋە
باشقا جايلاردىن كەلگەنلەر ئىچىدىن چېلىشىدىغان باش-
قا زور چىقىمىغانلىقتىن نىياز يۇپاڭ كالا بېشى ۋە باش-
قا مۇكاپاتلارنى ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ داڭ-
قى ھەممە يەرگە تارالغان.

1940 - يىلى مەرھۇم يۇسۇپ تالىپنىڭ تويى بول-
غاندا، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى يۇسۇپ-
ھوشۇرى لەمجىندە توي مەرىكىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن.
لەمجىن شامالباغدا ئۆتكۈزۈلگەن توي مەرىكىسىگە نى-
ياز يۇپاڭمۇ پىچاندىن تەكلىپ بىلەن كەلگەن. مەرى-
كىنىڭ ئاخىرىدا تاماشىبىنلار ئۇنىڭ كۈچىنى سىناپ
باقماقچى بولۇشۇپ، كۈچ كۆرسىتىپ بېقىشىنى تەلەپ
قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، گودەڭگۇ
بولۇپ ياتقان. شەرتى: ئىككى قولىقىدىن تارتىپ بېشى-
نى كۆتۈرۈش، ئەمما شۇ سورۇندا ئولتۇرغان بىرەر كى-
شىمۇ ئۇنىڭ قولىقىدىن تارتىپ بېشىنى مىدىرلىتالمىغان.
كېيىن باشقا جايلاردا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بېشىنىڭ ئاس-
تىغا پۇل قويۇپ، كىم بېشىنى كۆتۈرەلىسە، پۇلنى ئې-
لىۋالىدىغان بولۇپ كېلىشىپ، بىرەر ئادەم پۇلنى ئېلى-

كۆچ ـ ماغدۇرىدىن قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قال-
غان.

نىياز يۈپاك ئۆز لەقىمىگە مۇناسىپ قاۋۇل، بەستى-
لىك، يوغان، كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولۇپ، بويى 1.90
مېتر، ئېغىرلىقى 190 كىلوگرام كېلەتتى. ياش ۋاقىت-
لىرىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر تى-
بابەتچىلىكىنىمۇ بىر ئاز ئۆگىنىۋالغان. شۇڭا ئۇ ئۆزى-
نى تەربىيىلەشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇ ئۆمرىدە
كەيپ بىلەن شۇغۇللانمىغان، بىرەر قېتىممۇ چېلىشتا يې-
قىلىپ باقمىغان. نىياز يۈپاك كېيىنكى يىللاردا سۇنۇق-
چىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى
ساقايتىپ، خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېگە بولغان. ئۆم-
رىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى پۈتىدىن قېرىپ، قولتۇق تا-
ياق بىلەن ماڭىدىغان بولۇپ قېلىپ، 1988 - يىلى.
87 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

شىپ قىلىپ، چاقچاق يۇزىسىدىن ئۇ چۈشكەن پىكاپنىڭ ئالدىدىن ئۆتتىرىپ تۇرۇۋېلىپ، پىكاپنى مېڭىشقا ئامال- سىز قىلىپ قويغان.

1970 - يىللار ئىچىدە پىچان يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ھەبىبۇل ھادى بىر ئىش سەۋەبى بىلەن يېڭى يەر مەھەللىسىگە چىقىپ، نىياز يۇپاڭلارنىڭ ئائىلىسىگە كىرگەن. بۇ ۋاقىتتا نىياز يۇپاڭ ھويلىسىدا تۇرغان ئىككەن. ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، ھەبىبۇل شۇجى نىياز يۇپاڭغا، سىلى ئەجەپ بۇ يەردە تېرەكلەرگە قاراپ تۇرۇپ قاپتىلىغۇ؟ دەپ سورىغان. نىياز يۇپاڭ - بۇ يەرگە نەچچە يىل بۇرۇن باللار تېرەك تىكىپ قويۇپتۇ. مەن بۇ تېرەكلەرنى قومۇرۇۋې- تىپ، ئورنىغا مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ قويايمىكىن - دەپ تۇرغىنىم ئىدى - دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ، بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ھەبىبۇل شۇجى، سىلى ئۇبدان ئويلاپتىلا، ھەر ھالدا مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ قويغان ياخشى دەپ قول- لاش پىكرىنى بەرگەندىن كېيىن، نىياز يۇپاڭ دەر- ھاللا ئېرىقنىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ، يوغانلىقى 15 سانتىمېترغا يېقىنلىشىپ قالغان 60 نەچچە تۈپ تېرەك- نى قولى بىلەن تارتىپ قومۇرۇپ ئارقىغا تاشلاپ، 10 نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئىشنى تاماملىغان. ھەبىبۇل شۇ- جى، بۇ كىشىنىڭ 70 ياشتىن ئاشقان ۋاقىتلىرىدىمۇ

نىڭ بەستلىك بوي - تۇرقى، چېلىشىشتىكى چەبدەس-
لىكى ۋە كۈچلۈك جاسارىتىنى كۆرۈپ، نىيازيۈپاك ئۇ-
نى دوست تۇتۇپ، يىغىنىشلارغا، تىجارەت ئۈچۈن شىن-
جاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، تاغلارغا بىللە ئېلىپبار-
غان. مەلۇم يىلى بۇلار مال سودىسى ئۈچۈن تاغقا چىق-
قان. بۇلارنىڭ يۇرت ئىچىدىكى داڭقىنى ئاڭلىغان بىر
قانچە قازاقلار مەسلىھەتلىشىپ، كۈچىنى سىناپ كۆرمەكچى
بولۇشۇپ، بۇلار تۇرغان جايغا كېلىپ ئەھۋال سوراپ
بولغاندىن كېيىن، سىلەر زور ئىكەنسىلەر، مۇشۇ ئاتنى
كۆتۈرۈپ باقساڭلار - دەپ تەلەپ قويۇپتۇ. بۇلارغا مۇن-
چىلىك ئىش نىمىتى، ئالدى بىلەن ھۆسەين مەتكاجىت
ئالدىرىماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتنىڭ قېشىغا بېرىپ،
ئاتنىڭ قورسىقىدىن مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، نەچچە
قەدەم مېڭىپ، يەرگە قويۇپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن نىيازيۈ-
پاكمۇ شۇ خىلدا كۆتۈرۈپ تاشلاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ-
لار بىر تۆگىنى ئېلىپ كېلىپ، سىلەر ئاتنىمۇ كۆتەردىڭ-
لار - ئەمدى ماۋۇ تۆگىنى كۆتۈرۈپ باقساڭلار - دېگەن
ئىكەن. ئىككەيلەن يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە تۆگىنىمۇ
كۆتەرگەندىن كېيىن، قازاقلار بىردەك قايىل بولۇشۇپ،
سىلەر راستىنلا پالۋان ئىكەنسىلەر - دەپ، ئۇلارنى كات-
تا مېھمان قىلغان ئىكەن.

نىيازيۈپاك بىلەن ھۆسەين مەتكاجىت جەنۇبىي شىنجاڭغا

## ھۆسىن مەتقاجىت

ھۆسىن مەتقاجىت 1913 - يىلى پىچان بازاردائۇ- قۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇقۇش يېشىغا توش- قاندىن كېيىن، دىنى مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىق- قارغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئۇششاق باللار بىرلىشىپ ئوينايدىغان تۇرلۇك ئويۇنلاردا باللار ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ، قايسى ئويۇننى باشلىسا، شۇ بويىچە ئويۇن ئوي- نايدىغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭاتتى. ياشلىق دەۋ- رىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ياشلار ئارا، ئۆز-ئارا چېلى- شىش بولغان جايلاردا چېلىشىشقا چۈشۈپ، مەشىق قىلىپ تۇر- غانلىقتىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز تەڭتۇشلىرى تەڭ كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ چېلىشىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغانلار ئۇنى ماختاپ، «بالا زور» - دەپ ئاتىغان. ئۇ، ساغلام ئۆ- سۈپ ناۋارلىق، كۈچىگە تولغان ۋاقىتلىرىدا، ناھىيىمىز- نىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنلارغا بې- رىپ قوي بېشىغا چېلىشىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىش- كە باشلىغان. ئۇنىڭ چېلىشىشتىكى ئىستىقبالىنى كۆر- گەن نىياز يۇپاڭ چېلىشىش ماھارىتى جەھەتتە يېقىندىن ياردەم بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىملىق چوڭ يىغىنلاردا زورلار بىلەن چېلىشىپ، كالا بېشى ئېلىپ نا- ھىيە بويىچە مەشھۇر زورلاردىن بولۇپ قالغان. ھۆسىن مەتقاجىت ياش جەھەتتىن كىچىكرەك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ-

ئادەم بولغۇچى. باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغان مۇشتۇمى زور-لاردىن، زوراۋانلاردىن قورقمايدىغان، ھەتتا يۇرتتائابرويلۇق دەپ سانىلىدىغان «مۆتىۋەر» لەرگە چېقىلىشقا پېتىنالاي-دىغان جۇرئەتلىك ئادەم ئىدى.

1944 - يىلى كوچۇڭدا مۇشتىمى زورلۇق قىلىپ چان بېقىۋاتقان، ئۆزۈندىن بېرى ئۆزىنى گاڭگۇم ھېساب-لاپ كەلگەن سېيىت قۇشتەكنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، تۆۋە قىلدۇرۇپ، ئۇنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن. 1946 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى بىر لوزۇڭنىڭ، كۆكتات ساتقى-لى چىققان بىر ئايالنى بوزەك ئېتىپ، كۆكتاتلىرىنى تار-تىۋالغاندا لوزۇڭنى ئۇرۇپ ئۇچۇرۇۋېتىپ، كۆكتات ھەق-قىنى ئېلىپ بەرگەن

1946 - يىلى ساچىڭۋاڭ (مۇھەممەت سايىت) پىچان ماچاڭدىكى دېھقان ھوشۇر پەرەك دېگەن بىر كىشىنى ناختا ئېيتىپ بەرمىدىڭ — دېگەننى باھانە قىلىپ ئې-سىپ قويغاندا، ئۇنى قۇتقۇزۇپ، مەسايىتنى قاتتىق ئە-يىپلەپ، ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى ئاگاھ-لاندۇرۇپ، 1947 - يىلى ئۇنىڭ بازاردىكى ئوردىسىغا بېرىپ، بىرناگان ۋە بىر دۇربۇنىنى تارتىۋالغان.

1946 - يىلى يازدا مورىلىق كېرەم — دېگەن قا-زاقنى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت يولسىزلىق بىلەن قاماپ قوي-غاندا ئامىمنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ساقچىغا باستۇرۇپ كىرىپ،

تىجارەت ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، قاراشەھەرگە يېتىپ بارغاندا بىر نەچچە كۈن توختاپ قالىدۇ. بۇلار چۈشكەن سارايدا، بىر كۈنى كەچقۇرۇنلىقى بىر ئۆيدە، بىرەيلەننىڭ دات-پەريات كۆتۈرۈپ، قاقشاپ زارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرسە، بىر قانچە ئادەم قاراپ تۇرۇشقان، بىرەيلەن بىر بىچارىنى قىيناپ ئۇرۇۋاتقان ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ چىدىمىغان ھۆسىيىن مەتكاجىت، قالاش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان ئوتۇن يېرىندىسىنى ئېلىپ، ھېلىقى زومىگەرنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. تويۇقسىز زەربىدىن ھۇش كاللىسىنى يوقاتقان بۇ ئادەم تەستە ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا قاراپ تۇرغان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن تىترەك ئاۋاز بىلەن ئەپۇ سورايدۇ. ئۇلار بۇ لۈكچەكنى ھېلىقى بىچارىنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرۇپ، ناماقۇل قىلدۇرۇپ، ئىككىنچى قېتىم باشقىلارنى بوزەك قىلماسلىققا قەسەم قىلدۇرۇپ، تازا ئەدىبىنى بېرىپ قايتىپ چىققان. ئەسلىدە ئادەم ئۇرغۇچى بۇ لۈكچەك، قاراشەھەردە باشقىلارنى ئۇرۇپ، سوقۇپ زومىگەر بولۇۋالغان قىمارۋاز لۈكچەكلەرنىڭ كاتتىۋېشى ئىكەن.

ھۆسىيىن مەتكاجىت بىلەن باشقا زورلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە پەرق شۇكى، ئۇ چېلىشىشتىلا نام چىقارغان زور بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاجىزلارغا ھەم-

ئىقتۇرۇپ بارغان. 1940 - يىللارغا كەلگەندە، ھەرقايسى يېزىلاردا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنلاردا داۋاملىق قوي بېشى ئېلىپ تۇرغان. چېلىشىشتا ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بىر نەچچە يىل ئىچىدە، قوي بېشىغا چېلىشىدىغانلاردىن ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغانلار چىقمىغان. ئاتاقلىق زورلار قاتناشمىغان يىغىنلاردا كالا بېشىغا چېلىشىدىغانلارنى يىقىتىپ، كالا بېشى ئالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر لەمجىن يېزىسىدا ئۇنى سېيىت زور دەپ ئاتىغان.

ئۆتكەندە چوۋانقىر يەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ سۇلۇق يەرلەر بولغاچقا، سۇ باشقۇرۇش ناھايىتى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرسى ھېسابلىناتتى. چوڭ سۇنىڭ بېشى-خانىدۇدىن كېلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى ئوتتۇرىدا بەزى جىدەل - ماجىرالارمۇ بولۇپ تۇراتتى. چوۋانقىر دېھقانلىرى، خاندۇدېھقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۈستۈن تۇرۇندا تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇنىمىغانلىقىغا قارىماي، مىراپلىققا سايلىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بەزىلەر ئۇنى سېيىت مىراپ دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

1947 - يىلى پىچان دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىنىش ئالدىدا سېيىت زور ئاكتىپلىق بىلەن ياشلارنى تەشكىللەپ، تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشكەن.

1947 - يىلى 7 - ئايدا دېھقانلار قوزغىلىڭى باش-

ئۇنى قوتقۇزۇپ چىقىپ، ئۆز يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويغان.

1947 - يىلدىكى پىچان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىش ھارپىسىدا ئۇ، ياشلارنى تەشكىللەپ، مەشىق قىلدۇرغان. دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، پىچان ياشلىرىنى باشلاپ، كۆكيارغا چىقىپ، لەمجىن ياشلىرى بىلەن بىرلىكتە، چىقتىمدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇرۇشتىن كېيىن، قومۇل ۋە لەنجۇغا كەتكەن. 1948 - يىلى باركولگە قايتىپ چىقىپ، 1949 - يىلى پىچانغا قايتىپ چىقىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان. 1951 - يىلى 5 - ئايدا باركۆلگە بارغاندا ئوسمان باندىتلىرىنىڭ قولچوماقلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ، 38 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## سېيىت سادىق

سېيىت سادىق 1917 - يىلى چوۋانقىر تۆت ئۆي مەھەللىسىدە دىنى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئاتىسى سادىق ئىمامدىن ئازراق دىنى تەربىيە ئالغان. ئۇ ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، چېلىشىشقا قىزىقىپ، ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن پۇرسەت بولغانلىكى جايلاردا چېلىشىپ ئۆزىنى چې

# ياڭخىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر نەچچە قىپتىملىق يېغىلىقلار توغرىسىدا

تارىختا يۈز بەرگەن بەزى زور ۋەقەلەرنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلغان شەخسلەرنىڭ نامى ۋەقەلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، غەلىبە قىلغان،مەغلۇپ بولغان كەچۈرمىشلەر ھەممە كىشىلەرگە تولۇق ئايان بولمىغان ۋاقىتلاردا تۈرلۈك كۆز قاراشتىكى كىشىلەر ھەر خىل باھا بېرىشى مۈمكىن.

يۈزبەرگەن ۋەقەلەرنىڭ نىشانى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن بولسىلا خەلق قىزغىن قارشى ئالىدۇ، قوللايدۇ. ئۇزىنىڭ باتۇر، قەيسەر، مەردلىكى بىلەن سىناقتىن ئۆتەلىگەن، باشلامچىلارنىڭ ياخشى نام - نىشانى، ئۆز زامانداشلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس كېيىنكى ئەۋلادلار قەلبىدە ئەبەدى ساقلىنىدۇ.

ناھىيىمىزنىڭ ياڭخىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر نەچچە قىپتىملىق ۋەقەلەر بىر يېزا دائىرىسىدىكى ئىشلار بولۇپ ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتە يۈز بىرئۇاتقان مۇرەككەپ، ھەر خىل زىددىيەتلەر، تازا ئۆتكۈرلىشىۋاتقان، چىرىك

لانغاندا، ئۇچۇۋانقىردىكى ياشلارنىڭ باشلىقى بولغان، قوز-
غىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر نەچچە ئاي يو-
شۇرۇنۇپ، ئاتالمىش كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى ئاڭ-
لىغاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيلىرىدە پانالىنىپ تۇرغان. ئۆز
ئادەملىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە بارلىقىنى
ئۇققان گومىنداڭ لەمجىن ساقچى شۆبىسىنىڭ باشلىقى
ۋاڭ كەنچىڭ چوۋانقىرغا - سىلەرنى يوقلاپ چىقتىم -
دەپ ئالدامچىلىق قىلىپ ئۇلارنى بىر ئۆيگە چاقىرىپ،
شۇ يەردىلا، سېيىت زور، سالى پازىل، مەھمۇت ئابىت
قاتارلىق ئۇچەيلەننى قولغا ئېلىپ، تۇرپان ھەربىي تۇر-
مىسگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

1947 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ، يەتتە ئاي
تۇرمىدە ياتقاندىن كېيىن، 1948-يىلى 4 - ئايدا سې-
يىت زورنىڭ ئائىلىسىگە - بالاڭلار كېسەل بولۇپ قال-
دى، ئېلىپ چىقىپ سىرتتا بېقىڭلار - دېگەن ئۇقتۇرۇش-
نى قىلغان. سېيىت زورنىڭ ئاتا - ئانىسى دەرھال تۇر-
پانغا بېرىپ، سېيىت زورنى ئېلىپ چىقىپ، بىر كۈندىن
كېيىن چوۋانقىرغا ئېلىپ كەلگۈچىلىك، 31 يېشىدا ۋا-
پات بولغان.

تىن، سۇ نۆۋىتى تۇيۇقتا بولسا يانغىندا سۇ ئۈزۈلۈپ
قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يانغىن خەلقى سۇنى كۆلچەكلەرگە
سولاپ ئېلىپ، يەنە سۇ نۆۋىتى كەلگىچە، ئادەم، ھايۋان-
لار شۇ سۇنى ئىچىدۇ. تۇيۇق سۇنىڭ بېشىدا بولغانلىق-
تىن، ئادەم، ھايۋانلار ئىچىدىغان سۇدا ئانچە قىينالماي-
دۇ. چوڭ سۇلۇق جايلارنىڭ يېرى ئانچە مۇنبەت ئەمەس.
تۇيۇق يەرلىرى شېغىللىق، يانغىننىڭ ئەتراپى قۇملۇق.
قۇم بېسىش خەۋپى ئېغىر، ھاۋا ئىسسىق بولغانلىقتىن،
سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشى، پارغا ئايلىنىشى بەكمۇ تېز.
شۇڭا سۇ مەسىلىسى ئەڭ نازۇك مەسىلىلەرنىڭ بىرى
بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئازراق سەۋەنلىك چىقىپ قالسا
تۇيۇق بىلەن يانغىن خەلقى ئوتتۇرىسىدا ھايات - ما-
ماتلىق كۈرەش باشلىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ قې-
تىم كۆرۈلگەن جاپالىق تۇرمۇش يانغىن خەلقىنى ناھا-
يىتى قەيسەر بولۇشقا ئادەتلەندۈرگەن. ھېچنېمىدىن
قورقماي، غەيرەت، چىدام بىلەن ئىشلەش، ياشاش، تۇر-
مۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە
دەخلى يەتكەن ھەر قانداق ئىشقا قارشى بىرلىكتە
ئاتلىنىدۇ. باشقىلار بوزەك قىلىمەن دېسە بۇنى ئار-نو-
مۇس، دەپ بىلىپ، چىداپ تۇرالمايدۇ. ئائىلە تەربىيى-
سىدە «باللىرى قەستەن بىراۋنى ئۇرغان بولسا ئۇنىڭغا
ئەڭ قاتتىق تەنبىھ بېرىدۇ. شۇنداقلا بوشلۇق قىلىپ

ھۆكۈمەت، ۋاڭ، غوجاملار، يەرلىك ئەمەلدارلار، جازانىخورلارنىڭ زۇلۇمى ھەددىدىن ئېشىپ، خەلق ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقنىڭ كۆپلىكىگە بەرداشلىق بېرەلمىگىدەك دەرىجىدە ھالسىزلىنىپ كەتكەن ھالەتتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردۇر. خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى بۇ ھەرىكىتى سېتىخىيىلىك ھالدا خەلقنىڭ بىرلەشمە قارشىلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، شەخسىي ۋە مىللىي ماجرالاردىن كېيىن ۋاڭلار ۋە ياموۇلنىڭ ئەسكەر چىقىرىشى بىلەن قوراللىق توقۇنۇش ھالىتىگە يەتكەنلىكتىن، خەلق بۇ ۋەقەلەرنى «يىغىلىق» دەپ ئاتىغان.

ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تۇيۇق بىلەن ياڭخى خەلقى، تۇيۇق سۇ بېشىدىن كەلگەن بۇلاق سۇلىرىنىڭ قوشۇلىشىدىن ھاسىل بولغان. چوڭ سۇ بىلەن دېھقانچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن، تۇيۇق خەلقى ئاساسەن ئۈزۈمچىلىك بىلەن، ياڭخى خەلقى ئۈزۈمچىلىك، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ كەلگەن. ياڭخىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە جايلاشقان، تۇڭگان كارىز، پەنجەن كارىز، جەنتەن كارىز، زىرىپ كارىز، مەزىن كارىز قاتارلىق مەھەللىلەردىكى دېھقانلار كارىز سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىدۇ.

تۇيۇق بىلەن ياڭخى (ھازىر ئىككى مەھەللە كومىتېتىغا ئايرىلغان) چوڭ سۇنى نۆۋەت بىلەن ئىچكەنلىك-

پارچە لايىنى چاپلاپ قويۇپ، ياقا - يۇرتلارغا كېتىپ قالىدىغان ئادەت بار. مۇنداق يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ قەرزى ھېچ قاچان سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۈچ يىلغىچە كېلەلمىسە، قوۋم - قېرىنداش مەھەللىدىكىلەر، پۇل يىغىش قىلىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، بۇنداقلاردىن ئۆز يۇرتىغا كېلەلمەي تۇرۇپ قالغانلىرىمۇ چىقىپ قالىدۇ.

توي كۈنلەردە خۇلۇم - خوشنىلارمۇ، توي قىلغانلاردەك ئۆز ئۆيلىرىدە، مېھمانلارنى تەڭ كۈتۈۋېلىپ توي ئىگىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ.

يۇرتىمىزدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەر خەلقىمىزنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، باشقۇرۇشقا ئوڭايلىق يارىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمرانلار ئالمىشىپ تۇرسىمۇ ئىزچىل ھالدا ئوخشاشلا مائارىپ ئىشلىرىنى چەكلەپ كەلگەن ۋە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، يوقىرى قاتلام كىشىلىرىدىن باشقا كۆپ سانلىق قېرىنداشلىرىمىز، ساۋاتسىز جاھالەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ياشاپ كەلگەن. شۇڭلاشقا، ياشانغان چوڭ ياشلىق كىشىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلغان، توي قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا، ئۆتكەنىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلەپ چوڭ يېغىلىقتا تۇغۇلغان، ئامىرلار يېغىلىغىدا توي قىلغان، لىڭالا يېغىلىغىدا چوڭ بالام تۇغۇلغان» دېگەنىدەك ئەسلىمىلەر بىلەن ئۆز-

ئەدىبىنى يىگەننى كارغا كەلمەس» دەپ ئەيىپلەيدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ يىتىلگەن بۇ خىرىس مىجەزى يامۇل ئەمەلدارلىرى ۋە ۋاڭ غوجاملارنى ئەن-دىشىگە سالغان.

ئەدىۋىنى بەرگەن، ئەپلەشمىسە پەيت كۈتۈپ نەچ-چە يىللاردىن كېيىن بولسىمۇ تازا كېلىشتۈرۈپ ئەخماق قىلىپ ھاقارەتلىگەن. ئۆۋىتى كەلگەندە، ئۆز مەنپەئەت-لىرى يولىدا قولىغا قورال ئېلىپ ئۇرۇش قىلىپ، بېشى كېتىشتىنمۇ يانمىغان. بۇنىڭلىق بىلەن ياخشى خەلقنى يامان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بول-سۇن ياكى ھازىر بولسۇن، ياخشىغا بارغان، ئۇ يەردە تۇرغان كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۆم تۇرمۇش كە-چۈرىدىغانلىقىنى، داستىخىنى كەڭ — مېھماندوستلۇقى-نى، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ناھايىتى كۆيۈنىدىغانلىقىنى، ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ئاسانلا سىڭىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى چەتكە قاقمايدىغانلىقى-نى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەگمەيدىغانلىقىنى، ئۈستۈن بولۇپ ئالمايدىغان، ھەر قانداق كىشىلەر بىلەن ناھايى-تى ئىناق دوستلىشىپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىلىپ ئالالايدۇ.

بۇ يۇرتتا بەزىلەر تۇرمۇشنى بىر ئىزغا سالالماي قەرزدار بولۇپ قالسا ئىشىكنىڭ قاغا تۇمشۇقىغا بىر

دېھقانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت، يەرلىك ئەمەلدار ۋە يەر ئىگىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا ئۇچراپ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. ھەر يىلى جاپا، مۇشكۈلدە ئىشلەپچىقارغان ئۈزۈم، ئاشلىق، پاختىدىن قىلغان كىرىمى تۈرلۈك يوللار بىلەن ھۆكۈمەت ۋە يەر ئىگىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەچكە يىل ئاخىرىدا قەرزگە بوغۇلۇپ قالاتتى.

شۇ ۋاقىتلاردا پۇلى بارلار مۇنداق قوشاق ئوقىغان: «خۇي سۈەنجاڭدى كەي داڭفۇ، بۇخۇي سۇەنجاڭدى مەيدۇفۇ» شۇ مەنتىقىغە ئاساسەن قولىدا ئازتولا پۇلى بارلار جازانىخورلۇق قىلىش يولىغا ماڭغان. دەسلەپ ياڭخى ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. خەنزۇلار جازانىغا پۇل چىقىرىشنى ئادەت قىلغان بولارنىڭ ئاسان پۇل تاپالايدىغان ئۇسۇلىنى كۆرگەن بەزىلەر (مۇسۇلمان) مۇ شەرىئەتنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە قارىماي جازانىخورلۇق قىلىش يولىغا مېڭىپ، جازانىخورلۇق قىلىدىغان ئائىلىلەر كۆپىيىپ بىرنەچچە ئونغا يەتكەن.

نامرات دېھقانلاردىن ئىلاجىسىز قەرز ئېلىپ ئۇنى شۇ يىلى ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا ئۆسۈمى ئېغىر بولغاچقا بالىلاپ كېتىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن قەرزگە بوغۇلغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەرزگە بوغۇلغان ئائىلىلەرنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارغان. قەرزدارلىقنىڭ نە-

لىرىنىڭ قانچە، ياشقا كىرگەنلىكى، قاچان توي قىلىنغان ئىشلىرىنى ئەنە شۇ ئىشلارغا باغلايدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ قايسى يىللىرى بولغانلىقىنى ئانچە ئېنىق بىلمەيدۇ. ناھىيىمىزدە دەسلەپ قېتىم نوپۇس تەكشۈرۈش ۋە سايلام خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلغاندا بۇ خىل ئەھۋاللار ھەممە جايلاردا دېگۈدەك كۆرۈلگەن، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن مۇھىم ئىشلار بىردەك ئېنىقلىنىپ، يىل تەرتىپى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ پايدىلىنىش ئۈچۈن تارقىتىلىپ بېرىلگەن ئىدى.

ياڭخىلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى «لىگا»، «چەلان» لەقەملىك كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئاتا جەمەت، ئانا جەمەت گىرەلىشىپ نىكاھلىنىپ بىر ئەۋلاد كىشىلىرى بولۇپ كەتكەن. ھازىرغا قەدەر ھېسابلىغاندا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى مۆمىن قادىر ئۇلارنىڭ 5 - ئەۋلادىدۇر.

لىگا يېغىلىقى بولۇپ ئۆتكەنگە ھازىر 102 يىل بولدى. بۇ ۋاقەلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز قالدى. مەن بۇ ماقالىنى ئەخمەت شۇجىنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىپ چىقتىم، بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ يېزىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## لىگالا يېغىلىقى:

ياڭخىدىكى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان نامرات

نى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى تۇرپان يامۇلى ئاڭلاپ، چوقۇم ئەسكەر چىقىرىپ تۇتىمدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئەتىسى چۈش ۋاقتىغىچە ئاستانىغا بېرىپ يول توسماقچى بولۇپ، ئاس- تانىغا يېقىنلىشىدۇ، لېكىن ئىگا يىغىلىغى بىلەن چېتىشلى- قى يوق ئاستانە خەلقىنىڭ بۇ ئاپەتكە يولۇقۇپ قالما- لىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، دېھقان قوزغىلاڭچىلار ئارقىغا چې- كىنىپ كېلىپ جەننەتەن كارىزدىكى سىنداخان (خەنزۇ) نىڭ نىڭ جاڭزىسىنى لاگىر قىلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلار مۆل- چەرلىگەندەك ئەتىسى بىر ئىزوت ئەسكەر كېلىپ ھۇجۇم باشلايدۇ. دېھقانلارنىڭ قورالىرى ناچار بولسىمۇ، قا- ۋۇل، چەبدەس، ئادەم سانى كۆپ بولغاچقا، كەلگەن، قو- راللىق ئەسكەرلەرنى يوقىتىپ ئاتىدۇ. ئەتىسى يەنە بىر قېتىم شۇنداق ئۇرۇش بولۇپ 3 - كۈنى سىم تور بىلەن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلغان ئەسكەرلەر كۆپ كەلگەنلىك- تىن، دېھقانلار بىلەن باتۇرلارچە ئۇرۇشقان بولسىمۇ تەڭ كېلەلمەي ئۇرغۇن پۇقرالار قۇربان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جەس- تى چىلان كارىزغا دەپنە قىلغان.

كېيىن قەھرىمانلارنىڭ جەڭگە قاتناشقان تۇغقان- لىرىنى مارلېبېشى ناھىيىسىگە سۈرگۈن قىلىنغان.

دېھقانلار سەركەردىسى. ئابدۇرېھىم ئۆمەر 1858 - يىلى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بۇ ئائىلىنىڭ توققۇز ئوغلى بولۇپ، بالىلارنىڭ چوڭى ئابدۇرېھىم ئىدى. مە-

قەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. جازانىخورلارنىڭ، قەرزدارلار ئالدىغا كېلىپ قىستاپ ھاقارەت قىلىشىغا، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى زورلۇق قىلىپ ئېلىپ كېتىشىگە، جان بېقىشنىڭ تايانچىسى ئازراق يەرلەرنى تارتىۋېلىشىغا چىداپ تۇرماي بولمايدۇ. سەۋرى قىلىشنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. نامرات دېھقانلار ئاخىرى چىقىش يولى ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇپ، بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق جازانىخورلارنىڭ ھەممىسىنى يوقۇتۇش بىراقلا قەرزدىن قۇتۇلۇپ، باشقا كەلگەننى كۆرۈش قارارىغا كېلىشكەن. بۇ ئىشقا باشلامچى بولۇشقا ھازىرقى مەزىن كارىز مەھەللىسىدىكى لىگا كارىزدا ئولتۇرۇشلۇق لىگالار نەۋلادى ئابدۇرېھىم ئۆمەرنى تاللىغان. شۇندىن باشلاپ ئابدۇرېھىم ئىنىسى مەجلىل قاتارلىق ئورۇغ - تۇققانلىرىدىن 61 نەپەر، باشقا كىشىلەردىن 220 دەك كىشىنى توپلاپ، 10 كىشى بىر گورۇپپا بولۇپ، جازانىخورلار بار مەھەللىلەرگە گورۇپپىلارنى مەسئۇل قىلىپ، بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ھەممە جازانىخورلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، جازانىخورلۇق دەپتەرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش ئىش توگىگەن ھامان لىگا كارىزغا يىغىلىشنى بەلگىلەپ، 1889 - يىلى 12 - ئايدا مەلۇم كۈنىنىڭ كېچىسى ھەرىكەتلىنىپ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر كېچىدە نۇرغۇن ئادەملەر-

لان كارىزغا يۆتكىگەن. بۇ ۋاقىتلاردا يۇنۇس 26 ياشتا ئىدى.

بۇ قېتىمقى ۋەقەدە، جازانىخور، خەنزۇ، ئۇيغۇرلار ئۆلتۈرۈلدى. ئەمما ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن بولغان خەنزۇلار قوغداپ قېلىندى. پىچان بازىرىدا ئۆتكەن دۇشياڭشۇ ئىسىملىك كىشى، ئايالى بىلەن، ياڭخىدا مۇسىن قادىرنىڭ دادىلىرى قوغداپ قېلىپ پىچانغا ئەپچىقىپ قويغان. چوڭلار ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ دۇشياڭشۇ قاتارلىقلارنىڭ باللىرى، ياڭخىدىكى كىشىلەر بىلەن دوستانىلارچە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە.

## II ئامىرلار يىغىلىغى

1895 - يىلى 5 - ئاي ئىچىدە ياڭخى تاختا كۆۋرۈكتە چوڭ يىغىش ئۆتكۈزۈلگەن. ئۇ يىغىشتا شۇ ۋاقىتتىكى لۈكچۈن ۋاڭى تەكلىپ قىلىنىپ ۋاڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆرۈپ، بىر قانچە ئەسكەر بىلەن ياڭخىغا چىققان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئامىر قاتارلىق كىشىلەر نارازى بولۇپ، ۋاڭغا: بىز كۆپچىلىك سىلىنى يىغىشقا تەكلىپ قىلساق نېمە ئۈچۈن ئەسكەر ئەگەشتۈرۈپ چىقىدىلا؟! بىز ياڭخىلىقلار شۇنچە يامان خەلقمۇ؟ دەپتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئىلاجىسىز ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئىش ئەلبەتتە ۋاڭغا ھار كېلەتتى. كۆڭ-

جىلىل، يۇنۇس قاتارلىق ئىنىلىرىمۇ جەڭگە قاتناشقان، ئابدۇرېھىم بىلەن يۇنۇس يىگىتلىك ۋاقتىدىن باشلاپ چېلىشىپ ئۆگەنگەن.

1885 - يىلى لۇكچۈن ۋاڭى لۇكچۈندە يىغىش ئۆتكۈزگەندە، قۇمۇل ۋاڭ بىلەن بىرگە چىققان چېلىشچىلار لۇكچۈنلۈك چېلىشچىلارنى يىقىتىپ قويغاندا، لۇكچۈن ۋاڭىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قەيەردىن بولمىسۇن، قاۋۇل بىر چېلىشچىنى تېپىپ كېلىشنى خىزمەتكارلىرىغا تاپشۇرغان. شۇ هامان خىزمەتكارلار ياڭخىدىكى ئابدۇرېھىمنى ئەسكە ئېلىپ، چېلىشىش مەيدانىغا ئەكېلىپ قۇمۇل زورىغا سالغان. ئابدۇرەھىم چېلەشقا چۈشۈپ، قۇمۇلدىن چىققان زورنى ۋاڭنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ 2 قېتىم يىقىتقانلىقى ئۈچۈن، لۇكچۈن ۋاڭى خۇشال بولۇپ، بىر كالا بېشى، بىر كىيىملىك رەخت مۇكاپات بەرگەن.

ئابدۇرېھىمنىڭ ئىنىسى يۇنۇس ئۆمەر 18 يېشىدىن باشلاپ، ھەر قايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشلارغا بېرىپ چېلىشىپ، داۋاملىق قوي بېشى ئېلىپ كەلگەن، تۇيۇقلۇق چېلىشچى دوستى قايىت بىلەن توخسۇنغا بېرىپ چېلىشىپ بىر نەچچە قوي بېشى ئالغان. ئۇ جەڭگە قاتناشقاندىمۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن، قۇربان بولغانلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئاتلىق يۈرۈپ بىر قولىدا بىردىن كۆتۈرۈپ چې-

بىلدۈرمەي ئۆز يولىغا كېتىۋەرگەن. كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لۈكچۈن ئوردىنىڭ بىر پاكىنەك خەۋەرچىسى ئامىرلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلغان بىر پارچە خېتىنى كۆتۈرۈپ ياڭخىغا كەلگەن. بۇ ۋاقىت، كازىم بىلەن كامىل سوقما سوقۇۋاتقان ۋاقتى ئىدى. ئۇلار سوقمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولغاچقا، كازىم خەتنى كۆرۈپ بولۇپ خەت بىلەن ھېلىقى پاكىنەكنى كۆتۈرۈپ سوقمىنىڭ ئۇ تەرىپىگە تاشلاپ بېرىپتۇ. كامىل سوقمىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ تۇتۇۋاپتۇ. كامىل گەرچە كىچىك بولسىمۇ، خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم، ئوقتۇم» دەپ بىر كۈچەپ ئاكىسىغا ئوخشاش پاكىنەكنى سوقمىنىڭ تېشىغا ئاتىدۇ ۋە پاكىنەككە مۇنداق دەيدۇ. «ۋاڭغا ئېيتىپ قويغىن ۋاقتىمىز يەتكەندە بېرىپ قالارمىز، ھازىر ئىشىمىز ئالدىراش» دەيدۇ دېگىن، سەنمۇ ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەرگىن، دەپ پاكىنەكنى كەتكۈزۈپ ئاتىدۇ.

ۋاڭ پاكىنەكنىڭ يەتكۈزگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆتكەنكى ھاقارەتلىنىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياڭخىدا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى.

ئامىرلار تۆت ئوغۇل، چوڭى كازىم جىنسا، قالغانلىرىنىڭ ئىسمى نازىم، كامىل بولۇپ، بۇلاردىن نازىم قىمارۋاز ئىدى، 1901 - يىلى 3 - ئاي مەزگىلىنىڭ بىر كۈ-

لىدە ئاداۋەت ساقلاش تەبىئىي ئىش ئىدى. بۇ ئىش ئۆتۈپ بىر نەچچە ۋاقىتلاردىن كېيىن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئاستانىسىگە بېرىپ ئالتۇنلۇقنى زىيارەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ياڭخىغا تارقىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئامىر قاتارلىقلار ۋاڭنىڭ ئاستانىسىغا بېرىشتا ياڭخىدىن ئۆتىدىغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ يول ئۈستىدە چارچاك قېلىپ، ۋاڭنىڭ ئۆتكەنكى ئىشلارغا ئاداۋەت ساقلىدىمۇ سىناپ كۆرمەكچى بولىدۇ. ۋاڭ ئۆز قەرەلىدە ئوردىدىن يولغا چىقىپ ياڭخىغا كەلگەنىدە، نۇرغۇن خەلق چارچاك قىلىپ قارشى ئېلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋاڭ ئۆزى ئاتتىن چۈشمەي ۋەزىرىنى، چارچاك قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەمەت ئابدۇل دېگەن كىشى ۋاڭنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋېلىپ، بىز ئۆزلىرىگە جارجاك قىلغان، بىز ئۆزلىرىنىڭ پۇقرالىرى، پۇقلالارنىڭ بىر يۇتۇم چېيىنى ئىچىشكە بولمامدۇ؟ دەپ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ۋەزىرگىمۇ چاي ئىچكۈزمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ كۆپچىلىك خەلقنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالماي لۈكچۈنگە قاراپ ئارقىغا يانغان، بۇ ۋاقىتتا ئامىر ۋە چىلانلار «ۋاڭ ساڭا ئېيتىپ قويايلى! ياڭخىغا قۇيرۇقىنى دىڭ قىلىپ كەلگەن ئىتلارمۇ، قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ كېتىپ قالىدۇ. دەپ مازاق قىلغان. ۋاڭ كەپلەرگىمۇ ھېچقانداق پوزىتسىيە

كۆرسۈتىش كۆرسەتمەسلىك ئۈستىدە ناھايىتى تەڭلىكتە قېلىپ، خەتنى كۆرسەتمەسلىككە ھېچ بىر ئامال تاپالماي خەتنى ئامىرنىڭ كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئامىر ساۋادلىق كىشى بولۇپ، خەتنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئەسلىدە «بۇ خەت ماجرانى ھەل قىلىش توختامى بولماستىن ئەكسىچە تۇرپان يامۇلغا. ئامىرلار يېغى قىلىمىز دەيدۇ، دەپ تۆھمەت قىلىنغان مەلۇمات خېتى ئىكەن. بۇنى بىلگەن كازىم ئامىرلار ئەسلى بىزنىڭ يېغى قىلىش نىيىتىمىز يوق ئىدى. ئەمدى بىزنىڭ يېغا قىلغىنىمىزنى كۆرۈڭلار» دەپ شۇ يەردە ئاخۇننى ياڭپو (يەرلىك مىلتىق) بىلەن ئېتىپ تاشلايدۇ. ئارقىدىنلا سىمىزى قاتارلىق بىر نەچچەيلەننى ئېتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يامۇل ئەسكەرلىرى كېلىپ ئۇرۇش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، لوپقا كىرىپ كېتىش مەقسىتىدە ھازىرقى دىغار يېزىسى بىلەن دالانكارىز يېزىسى ئارىلىقىدىكى تاشقىن ئېرىقىدىن ئۆتكەندە، بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان لۇكچۈن ۋاڭى، ئۆچ ئېلىش ۋاقتى كەلدى، دەپ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلارنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدە ئىككى نەپەر ئاخۇننى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ ئالدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ.

نى، نازىم ياڭخىدىن بىر نەچچە ئاغىنىسى بىلەن ھا-
زىرقى پەنجەن مەھەللىسىدىكى سى مىزى (خەنزۇ) نىڭ كا-
كانزىغا قىمار ئوينىغىلى بارىدۇ. بۇ قېتىمقى تاۋكادا نا-
زىم خېلى جىق نەرسە ئۇتتۇۋالىدۇ. بۇنى. تۆلەشكە چىدى-
مىغان سى مىنزى بىلەن ھوشۇر چىسى بىلەن مەسلىھەت-
لىشىپ بىر سۇيىقەست پىلانلايدۇ. شۇ بويىچە، سى مىزى-
نىڭ ھوشۇرچىسى، نازىمغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ. مەن
ئامبارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قوياي، سىلەر ئاشلىقنى ئارقا
تەرەپتىن ئېلىپ كېتىڭلار دەيدۇ. مۇشۇ مەسلىھەتكە ئاسا-
سەن ئۇلار ئارقا تەرەپتىن بۇغداي توشۇۋاتقاندا ھوشۇر
چىسى «ئوغرى كەلدى» دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەر
سۇغۇرۇۋاتقان سۇغاقچى سىپەر دېگەن، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ
يۈگۈرۈپ كېلىپ كەتمەن سېپى بىلەن نازىمنىڭ بېشىغا
ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ئۆلۈپ ئەتىسى، شۇ يۇرت-
نىڭ قازىسى ۋە يۇرت چوڭلىرى بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ
ھەل قىلىش ئۈچۈن، سى مىزىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن،
ياڭخىغا توپلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كازىم جىسا بىلەن ئا-
مىر ئىبنىمىز نازىم ئوغرىلىق قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا
جىدىلىمىز يوق دەپ ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
ئاخىرىدا يۇرتنىڭ قازىسى توختام يۈزىسىدىن يازغان
خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇتۇرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئامىر خەت-
نى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ، تۇرۇۋالىدۇ. قازى

قايتىپ كېتىدۇ ۋە شۇنىدىن بېرى ئۇ بىر تەرەپتىن، دېھقانچىلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۆت يىلغىچە تىرىشىپ ياڭخېنىڭ شامەھەللىسى مازار ئالدى كەنتىدە تۇيۇققا ئۆتىدىغان يولغا ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر كېلىدىغان كېمىر ئەگدۇرۇپ تەييارلىقنى پۈتكۈزىدۇ.

بىر كۈنى ۋاڭنىڭ تۇيۇق غوجامغا ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ كېمىرنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، كامىل كېمىرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كىرىش ئېغىزى ئالدىدا چاتىرقىنى كېرىپ ۋاڭ ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن، چىقىش ئېغىزىدا تۇرۇۋېلىپ ۋاڭ كېمىردىن چىققاندا كامىل مەردانىلىق بىلەن «ھەي ۋاڭ! سەن مېنىڭ چاتىرقىمدىن قانداق ئۆتمىدىڭ، ۋەدەم ۋەدە بولدى جۇمۇ بۇنى بىلىپ ئال» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

يەنە «ۋاڭغا ۋەدەم ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟!» دەپ سوئال قويغاندا، ۋاڭ ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ گەپ قىلماستىن تىكىۋەتكەن.

كامىل ئوردىدا يېگەن تاياق زەربىسىدىن بىر ئاز ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغان. لېكىن دېھقانچىلىق، نەغمىچىلىك ئىشلىرىنى قولدىن بەرمەي تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتكەن.

كېيىنكى كۈنلەردە، تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىش سەۋەبى بىلەن قۇتۇبى ناھىيىسىگە بېرىپ، ئاخىرقى

ۋاڭ بىلەن ئاخۇنلارنىڭ كېيىنكە ئىشىنىپ، كازىم، ئامىر، كامىللار باشلىق يەتتە كىشى ۋاڭنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىدۇ. ۋاڭ بۇلارنى ئالداپ قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، يامۇل ئەسكەرلىرىگە تۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كامىلدىن باشقىلىرىغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنىدۇ. كامىل ياشتا كىچىكرەك بولغانلىقتىن، ئوردىدا خىزمەتكار بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. كامىل ئوردىدا تۆت يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، قويۇپ بېرىلىپ، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تۇيۇق خەلقى بىلەن ياڭخى خەلقى ئوتتۇرىسىدا سۇ تالىشىپ ماجىرا پەيدا بولىدۇ. بۇ ماجىرانى ھەل قىلىشتا ئاخىرى كامىلنى ئوردىغا تۇتۇپ بېرىدۇ.

ۋاڭ كامىلنىڭ يەنە قولغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا بىرىنچى تاياقتا 45 نى ئۇرۇشنى بۇيرىغان. بۇ ئۆلۈم جازاسى بىلەن باراۋەر بولۇپ، قانچىلىغان ئادەملەر بىرىنچى تاياقتا ئۆلۈپ كەتكەن، كامىل 45 تاياقنى يەپ بولۇپ ئۆلۈشكە تۇگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى تېقىمىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى پارچە گۆشنى پىچىقى بىلەن كېسىۋېلىپ، غوجامنىڭ ئىتلىرى يېسۇن دەپ تاشلاپ بېرىپ، ۋاڭغا «سەن قاراپ تۇر، مەن سېنى بىر كۈنى چاتىرقىمىدىن ئۆتكۈزمىسەم» دەپ ئۆيىگە

غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمما تۆمۈر نىياز دورغا بالىلىرىغا نەسىھەت قىلىپ تۇسۇپ قويىدۇ. تۆمۈر نىياز دورغا سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋالىنىپ، خۇپىيانە تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

1925 - يىلى 5 - ئايدا قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا تۆمۈر نىياز دورغا بالىلىرىغا ھەممە ئىشنى ئېيتىپ ئۆچ ئېلىشنى تاپشۇرىدۇ. ھېيت نامىزىغا كەلگەندە تەييارلىغان قىلىچلىرىنى چاپانىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئالغاچ كېلىپ، ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندا، تۆمۈر نىياز دورغا تۆت ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، يۈسۈپلارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، يۈسۈپنىڭ ئۆزى ۋە ئوغۇللىرى قاتارلىق يەتتە كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇ ئارىدا يۈسۈپنىڭ كىچىك ئوغلى تۇرپانغا قاچىدۇ. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن پەنجەن كارىزدا ئولتۇرۇشلۇق ساۋۇت ھاجى ئۇلارغا ئادەم كىرگۈزۈپ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار پەنجەن كارىزغا كېلىپ ساۋۇت ھاجىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ يەرگە 60 دەك ئادەم توپلانغان. ساۋۇت ھاجىنىڭ قورۇسى ئېگىز سوقما تام بىلەن قورشالغان بولۇپ ئىچكىرى - تاشقىرى ئىدى.

ئۆمرىنى قۇتۇبىدا ئۆتكۈزۈپ ئازادلىق ھارپىسىدە 71 يېشىدا ۋاپات بولغان.

### III — چىلان يىغلىغى:

تۆمۈر نىياز قاسىم لەقىمى چىلان. ئۆز ۋاقتىدا ياڭخىنغا دورغا بولغان. ئامىرلار بىلەن بىرلىشىپ ۋاڭنى تۇسقان.

ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشى: تۆمۈر نىياز دورغا ياڭخى ئارامەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، 1 - كەنتتىكى يۈسۈپ ئىسىملىك تۇڭگانلار بىلەن يەر قوشنىسى، تەكلىرى بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان، بىر كۈنى يەر سۇغۇرۇپ ئېتىپ، تۆمۈر نىياز دورغىنىڭ نىياز ھوشۇر ئىسىملىك ئوغۇللىرى يۈسۈپنىڭ ئوغلىنى سۇغا بېسىپ بوزەك قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر نىياز دورغىنىڭ ئەۋلادلىرىغا قارىتا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، ئۆچ ئېلىش پەيتىنى كۈتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈر نىياز دورغا ئەمەلدىن قالىدۇ، بىر ھېيتلىقى تۆمۈر نىياز دورغا، لۈكچۈنگە نەرسە كېرەك ئالغىلى ماڭغانلىقىنى كۆرگەن يۈسۈپنىڭ بالىلىرى، لۈكچۈندىن قايتىپ لەڭگەرگە كەلگەندە، تۆمۈر نىياز دورغىنىڭ ئىككى كۆزىنى چىقىرىۋېتىپ تاشلاپ كېتىدۇ.

بۇ ئادەم مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە كەلگەندە، بالىلىرى ئەھۋالنى بىلىپ، دەرھال قەسەم ئىچىپ، ئۆچ ئالىد-

# 1947 - يىلىدىكى پىچان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ چىقتىم ئۇرۇشىدىن ئەسلىمە

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چىقتىم
ياشلىرى ۋە پىچاننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن؛ يىغىلغان
بىرنەچچە يۈز ياش نەنخۇل قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ چې-
كىنگەندىن كېيىن، ياشلار بىرنەچچە تەرەپكە بۆلۈنۈپ تار-
قاپ كېتىدۇ. بۇۋاقىتتا چىقتىمدىن ئۇرۇشقا قاتناشقان پار-
تىزانلار بىر جايغا توپلىنىپ كېيىنكى ئىشلارنى مۇزاكىرە
قىلىدۇ. ئۇلار: بۇ قېتىم ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمىدۇق. ئەم-
دى بىز قېچىپ كېتىمىزمۇ؟ قورال - ياراق تاپشۇرۇپ
تەسلىم بولىمىزمۇ؟ ياكى ئاخىرىغىچە ئۇرۇش قىلىمىزمۇ؟
دېگەن سوئاللارنى قويۇپ تالاش - تارتىش قىلىپ، ئاخىرى
كۆپچىلىك، بۇ نۆۋەت غەلىبە قىلالمىغان بولساق، قولىمىز-
دا يەنە قورالىمىز بار، ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلايلى، دېگەن
قارارغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئەيسا، ئىسمايىل
تۆمەك (توپاق)، نىياز ئالتۇنچى قاتارلىق 20 ئادەم ئۇ-
رۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار ئاپتو-
مات، مىلتىق، ئوق - دورا، يىمەكلىك، ئات، تۆگە قاتار-

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تۇرپاندىن ئەسكەر كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇشقا كىرىشىدۇ. بۇلارنىڭ قولىدىمۇ مىلتىق بار بولغاچقا، دەرۋازىدىن كىرگەنلەرنى ئۇتتۇرلۇق ئېتىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. قارشىلىشىش كەچكىچە داۋاملىشىدۇ. ئەسكەرلەر ئاخىرى دېھقانلارغا يانتاق توشۇتۇپ چوڭ ھويلىغا ئوت قويۇشقا باشلايدۇ. ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ قورۇ ئىچىدىكىلەرنى قىستاپ كېلىشكە باشلايدۇ. تۆمۈر نىياز دورغىلار مۇشۇ ئىس تۈتەكتىن پايدىلىنىپ ئارقا ھويلىنىڭ تېمىنى بۇزۇپ قېچىپ شۇ ماڭغىنىچە سۇ بېشى ئارقىلىق ئۆرتەڭگە يېتىپ ئالىدۇ.

ئەگەشكۈچىلەر ئازىيىپ 20 دەك ئادەم بىلەن ئۆرتەڭدىكى تەڭنە ئوۋا دېگەن جايغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇلارنىڭ قاچقانلىقىنى ئۇققان ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئۆرتەڭگە چىقىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەسكەرلەر ياڭخىلىق ساجىت پالگان دېگەن كىشىنى بىللە ئېلىپ چىققان ئىكەن. تۆمۈر نىياز دورغىنى شۇ كىشى ئېتىپ تاشلايدۇ. قالغانلىرى قولغا چۈشىدۇ. تۆمۈر نىياز دورغىنىڭ ئوغۇللىرى، نىياز - ھۇشۇر قاتارلىق ئالتە كىشىنى ئېتىپ تاشلاپ، قالغانلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ۋەقە مۇشۇنىڭ بىلەن تاماملىنىدۇ.

ـسكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ چېكىنىشكە كىرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا نىياز ئالتۇنچىنىڭ پۇتىغا ئوق تەككەن بولۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى. پارتىزانلار چېكىنگەچ ئۇنى ئەپچىقىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قوغلاشتىن توختىغاندىن كېيىن بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئىسمايىل توپاقلار ئىككى كۈندىن كېيىن ئېلىپ كېتىشكە ۋەدە بېرىپ كېتىپ قالىدۇ.

موری تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ، تاغ ئارىسىغا كىرگەندە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ نىياز ئالتۇنچىنى ئالغىلى بارالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جەسىتى سايدىكى بىر جىراڭنىڭ ئىچىدە قالىدۇ. تىنچلانغاندىن كېيىن ئىگىلىنىشىچە مەرھۇم بىرەر كىلومېتىرچە جايغا سۈزۈلۈپ مېڭىپ بېقىپ قانىراپ جان ئۈزگەن. نىياز ئالتۇنچى قۇربان بولغان ۋاقتىدا 41 ياشقا كىرگەن ئىدى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تاغ ئىچىدە قوغلاپ زەربە بەرگەن ۋاقىتتا سۇلايمان ئەيسا (بۇجاڭ بولغان. 1946 – يىلى 11 – بىتىمىدىن كېيىن خەلق بۇجاڭ سايلىۋالغان. چىقىتىم ياشلىرىنىڭ تەشكىلاتچىلىرىنىڭ بىرى. خەلق ئۇنى سۇلايمان بۇجاڭ دەپ ئاتايتتى) غا ئوق تېگىپ، پۇتىدىن يارىدار بولۇپ قېلىپ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ، چىقىتىمغا ئېلىپ

لىق تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوزۇقلۇقلارنى
تۆگىلەرگە ئارتىپ قۇمۇل تەرەپتىن كەلگەن گومىنداڭ
ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يەنچى تەرەپكە قا-
راپ ئاتلىنىدۇ.

يەنچىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى
تەرىپى دۆڭ، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك بىر ئېغىزنى تاللاپ،
دۆڭلۈك ئۈستىدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يولدىن ئۆ-
تۈشنى كۈتۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئىستىھكامىنى ساقلاپ ياتىدۇ.
ئۇلارنىڭ كۈتكىنىگە يارىشا گۈلدۈرلىگەن ماشىنا ئاۋازى
كېلىپ بىر ماشىنا گومىنداڭ ئەسكىرى تاشيولدا پەيدا بو-
لىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەن ھامان بارلىق قورال-
لىرىنى ئىشقا سېلىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە شىددەت
بىلەن ئوق ياغدۇرىدۇ. دۈشمەن ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز
ھۇجۇمدىن پاتپاراق بولۇشۇپ قالايمىقان ئوق ئېتىپ قار-
شىلىق كۆرسىتىدۇ. پارتىزانلار قولايلىق پۇرسەتتىن پاي-
دىلىنىپ، ھەر قايسى بىر نەچچىدىن دۈشمەننى يەر چىشلە-
تىدۇ. ئۇلار غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن جىددىي ئۇرۇش
قىلىۋاتقاندا ئارقا - ئارقىدىن 10 نەچچە ماشىنا گومىنداڭ
ئەسكىرى كېلىپ قالىدۇ. ئەسكەرلەر يىغىلىپ ئەھۋالنى ئۇق-
قاندىن كېيىن ھۇجۇم قىلىش كانىيىنى چالىدۇ.

پارتىزانلار جىددىلىشىپ كېتىدۇ. بىر پولىك ئەس-
كەرلەرگە دوقۇرۇشۇپ قېلىش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەل-

ۋەقەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىدىكى ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر، مەقسىتى، تەشكىللىنىشى ئەھۋالى، جەريانى، قوزغىلاڭنى تەشكىللىگۈچى شەخسلەر، قۇربان بولغانلار قاتارلىق ئەھۋاللارنى بۇندىن كېيىن بىلىدىغان يولداشلار تولۇقلاپ يېزىش زۆرۈردەك قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخىغا دائىر بەزى ماتېرىياللاردا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان جىددىي خاتالىقلارغا يول قويۇلغان، بۇرمىلانغان. 40 نەچچە يىل بولماي تۇرۇپ تارىخىي ۋەقەلەر مۇنداق ئۆزگەرتىۋېتىلسە، ئەسىرلەر ئۆتكەندە ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا نېمە دېگۈلۈك. تارىخىي ۋەقەلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرسەك ياشلار، ئەۋلادلىرىمىز توغرا تونۇشقا ئىگە بولسۇن. قوزغىلاڭغا قاتناشقان، قۇربان بولغان يولداشلارنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆپچىلىك بىلىپ قالسا، ئۇلار ئۈچۈن بىر خاتىرە مۇنارى تىكلىگەن بىلەن تەڭ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، 1947 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن ئەڭ زۇلمەتلىك كۈن بولغان ئىدى. شۇ كۈنى شىنجاڭدىكى يۇقىرى ھەربىي سوتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن پىچان تۈرمىسىگە سولاپ قويۇلغان 15 نەپەر «تۇتقۇن» لارنى پىچان بازىرىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ «پىچان بازى-

بېرىپ، بىرنەچچە كۆنگىچە بېشىنى ئېسىپ سازايى قىلغان.

ئىسمايىل - توپاق قاتارلىق ھايات قالغانلار تاغ ئۆستىگە چىقىپ ئازادلىققا قەدەر شۇ يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلىپ قايتىپ كەلگەن. ئىسمايىل توپاق ھازىر 75 ياشقا كىرگەن. سالامەتلىكى، خاتىرىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئەشۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، پىچان تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ 1 - قىسمىدا چىقىم ئۇرۇشى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسلىمىنىڭ بەزى جايلىرى مۇكەممەل ۋە توغرا بولمىغان جايلىرى بولغانلىقتىن، بۇ ماقالىنى تولۇقلاش ئۈچۈن يازدىم. چىقتىم ياشلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇرۇش قىلىش ئالىيجاناب روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. سۇلايمان بۇجاڭ، نىياز ئالتۇنچى ئاپتوماتلىرىنى ئۆز پۇلىغا سېتىۋالغان. ياشلارنى ئۇيۇشتۇرغان. باشتىن ئاخىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىپ، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن ياشلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇلار پىچان خەلقىنىڭ باتۇر - ئەزىمەت ئوغلانلىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

سىلەرنىڭ ئىنقىلابىي روھىڭلار خەلق بىلەن مەڭگۈ ياشايدۇ. پىچان تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ 1 - توپلىمىغا 1947 - يىلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخى كىرگۈزۈلگەن ئىدى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە بۇ يىل 44 يىل بولدى. بۇ، شىنجاڭ تارىخىدىكى مۇھىم

بولغان. شۇنىڭدىن تارتىپ 1947 - يىلغىچە ئۇيۇشما رەئى-
سى لەمجىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى،
پىچان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدە مۇپەتتىش، شىنجاڭ-
دا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، پىچان
ناھىيىسىدە سايلام ئارقىلىق يېڭى ھاكىمىيەت تىكلەنگەن
ۋاقىتتا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. مۇشۇ مەز-
گىللەردە مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن
قوشقان تۆھپىسى زور بولغاچقا، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى
ئوقۇتقۇچىلار پىچان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تەشكىللىگۈچى
ئاساسىي قوشۇن ئىدى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كې-
يىن لەمجىندىكى، ئۆيدىن ئايرىلىپ تۇرپان ناھىيىسىنىڭ
سىڭگىم يېزىسىغا قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان. لەمجىن
ساقچى شۆبىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ كەنجىڭ تەرىپىدىن تۇتۇ-
لۇپ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، بېشىنى كېسىپ لەم-
جىن ساقچى شۆبىسىنىڭ ئالدىدىكى رىشاتكىغا 3 كۈن ئې-
سىپ قويغان ۋە ئۇ يەردىن پىچان ناھىيە بازىرىغا ئې-
لىپ كېلىپ بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى قا-
را ياغاچقا، 3 كۈن ئېسىپ قويغان. مەرھۇم قۇربان بول-
غان ۋاقىتتا 30 ياش ئىدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا لەمجىن-
دىن نوجۇر ئۇستامىنىڭ قىزى ئايىمخان بىلەن تۇرمۇش
قۇرغان بولۇپ، 2 پەرزەنتى قالغان ئىدى. سائادەت يۇ-

رىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى غولغا يالاپ ئېلىپ بېرىپ ھەممىسىنى پىلىموتقا تۇتۇپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قېنى تۆكۈلگەن جايغا ئۇلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن خەلق تال، جىگدە قاتارلىق دەرەخ كۆچەتلىرىنى تىكىپ قويغان. بۇ كۆچەتلەر بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يوغان دەرەخلەرگە ئايلانغان ئىدى. خەلق ئۆز پەرزەنتلىرىنى قەدىرلەيدۇ، ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ روھى خەلقنىڭ قەلبىدە.

## يۇسۇپ تالىپ.

قەشقەر ۋىلايىتى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، خان ئېرىق يېزىسى دۈشەنبە بازىرىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنغا كەلگەن. ئاتىسى تالىپ ئاخۇن ناۋايچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئائىلە بولۇپ، يۇسۇپ تالىپ 1917- يىلى تۇغۇلغان بۇ ئائىلىنىڭ 4 - پەرزەنتى ئىدى.

يۇسۇپ تالىپ 1935 - يىلى قەشقەردىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنىپ دارىلمۇئەللىمىننىڭ 13 - سىنىپىدا 3 يىل ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەقسىم قىلغان.

پىچانغا كەلگەندىن كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى

دەپ ماختاپ تۇرىدىكەن.

1934 - يىللار ئىچىدە لەمجىندە پەننى مەكتەپ ئېچىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتلاردا پەننى مەكتەپتە ئوقۇ- غان ئوقۇتقۇچىلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن دىنىي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان بالىلارنى تاللاپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەس- لىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1 - نوۋەتتە ھەبى- بۇللا ئامىرنى تۇرپان ئاستانىدىكى ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى- دە ئوقۇش ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرىلگەن، ئۇ يەردە قىسقا مۇددەت تەلىم - تەربىيە ئېلىپ قايتىپ كەتكەندىن كې- يىن، لەمجىندە يېڭىدىن ئېچىلغان مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەيىنلەنگەن، 2-3 يىل ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كې- يىن ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بې- رىپ قوبۇل قىلىنغان.

1937 - يىل ئۈرۈمچىگە چىقىپ 3 يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىپ ما- تېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ زېھنىنىڭ ناھايىتى ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1943 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە يېرىم يىل يېتىپ چىققاندىن كېيىن، پىچان ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ، پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا مەدەنىيەت كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ، ئۆلكىلىك دارىل- مۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۆتۈلگەن ئومۇمىي پەنلەر-

سۇپ ھازىر تىببىي ئىنستىتوت قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىدا،
يۇنۇس يۇسۇپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە خىز-
مەت قىلىۋاتىدۇ. ئايىمخان پېشقەدەم مائارىپچى ھەمدۇللا
ھىۋىپ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

1950 - يىلى ئىچىدە لەمجىندە خەلق ھۆكۈمىتى ئو-
چۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، باش جىنايەتچى ۋاڭ تەنچىڭ
ۋە لى پەيلىننىڭ (خۇيزۇ) جەڭچىگە ئۆلۈم جازاسى بې-
رىپ خەلقنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەردى.

**ھەبىبۇللا ئامرى.**

پىچان ناھىيە لەمجىن يېزا تۇر كارىز مەھەللىسىدە
دېھقان ئائىلىسىدە 1916 - يىلى دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش
يېشىغا توشقاندىن كېيىن، دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇ
دەسلەپ لەمجىن ئاستانە مەدرىسىدە ھەمدۇللا ھىۋىپ، قا-
سىم ساۋۇت، مەخمۇت ئابىت قاتارلىق ساۋاغداشلىرى بى-
لەن مۇھەممەت نىياز داموللامدىن تەلىم ئالغان. قۇمۇل
دېھقانلار ئىنقىلابى مەزگىلىدە بىر ئاز ۋاقىت ئوقۇشنى
داۋاملاشتۇرالماي قالغان. يۇرت تىنچىغاندىن كېيىن يۇتۇق-
تىكى شېرىپ ئىمامدا ئوقۇغان. ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇ-
غان ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ تالانتلىق ئوقۇغۇچى ئىكەنلى-
كىنى نامايەن قىلىپ ئۆتكەن. دەرسلەرنى تولۇق ئۆزلەش-
تۈرۈپ باشقا تالىپلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان. باشقىلارغا ئۆگەت-
كەن. داموللام ئۇنى ھەر ۋاقىت ئەڭ ياخشى شاگىرت

# يەتتە يىگىت، يەتتە قىزلار مازىرى

## تېيىپ پولات

لەمجىن قەدىمقى يېزىلارنىڭ بىرى، بۇ ئۇزاق تارىخى ئەسىرلەر داۋامىدا، بۇ جايدا ياشىغان ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي، ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىدىن شانلىق ئىزلارنى قالدۇرغان، مەسىلەن، يەتتە يىگىت، يەتتە قىزلار مازىرى، قىسلاچ غوجام، تامغىلىق تاش، تۇرقا-تارلىقلار. گەرچە بۇ تارىخىي يادىكارلىقلار دەسلەپكى ئىزلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئاساسى، پەيدا بولۇش سەۋەبى، تارىخىي دەۋرى قاتارلىقلار ھازىرغىچە تولۇق ئېنىقلاپ چىقىلمىغان بولسىمۇ، ئىشىنىمىزكى كەلگۈسىدە بۇ جەھەتتىكى سىرلار چوقۇم ئېچىلىدۇ. خەلقىمىز ئۆز ئەجداتلىرى ياراتقان بۇ شانلىق مۆجىزىلەرنىڭ ئەمەلىي تارىخىي ئەھمىيىتىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ مەن تۆۋەندە يەتتە قىز، يەتتە يىگىتلەر مازىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

لەمجىننىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن چوڭ ئۆستەڭ شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان چوڭ غولنى ھاسىل

نى ئوبدان ئۆگىنىش بىلەن بىرگە خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئۆگىنىۋالغان ئىدى. شۇڭا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوشۇمچە تەرجىمانلىق خىزمىتىنىمۇ ئىشلىدى. 11 يىتىم ئىمزالىنىپ شىنجاڭدا سايلام ئارقىلىق يېڭى ھاكىمىيەت تىك-لەنگەندە ھەبىبۇللا ئامرى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىدى. دېھقانلار قوزغىلىڭى تەش-كىللاتچىلىرىنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن گومىنداڭ ساقچى دائىرىلىرى ئۇنى قولغا ئېلىپ، شىنجاڭدا تۈرۈشلۈق ھەربىي-لەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 1947 - يىلى 9- ئاينىڭ 17 - كۈنى15 نەپەر ئىنقىلاپچىلار بىلەن بىرگە ئوققا تۇتۇلغان. مەر-ھۇم دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىدا سەلىمە رەشىت بىلەن توي قىلغان. قۇربان بولغان ۋاقتىدا بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان ئىدى. مومىن ھەبىبۇللا ھازىر شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتوتى تارمىقىدىكى دوختۇرخا-نىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. سەلىمە رەشىت شىچان ناھىيىسى-دە ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان، 70- يىللار ئىچىدە ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ چىقىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3- ئوتتۇرا مەكتەپتىن پېنسىيىگە چىقتى.

كىرسىڭىز خۇددى بىر ئوردا، راۋاقتا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىسىز. تاش ئۆيلەر كىشىگە كەڭ كەتكەن مېۋىلىك باغ ۋە شالىلىقلارنى ئەسلىتىدۇ.

يەتتە قىزلار مازىرىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تاش تۆكمەن تاش ھىجرا ئىچىدە تۇرغان تاش قاتلىمىنان ۋە باشقا تاش شەكىللەر كۆزگە چېلىقىدۇ. بىر قىسىم تاش چوقىلار خۇددى مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ. مازارنىڭ چېتىدىكى تۈزلەڭلىكتە تۇرغۇن چوڭ-كىچىك تاشلار يېيىلىپ ياتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياخشى ئوخشىغان قوغۇن - تاۋۇزلارغا، كىچىكلىرى، ھەر خىل مېۋە - چېۋە ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرىغا ئوخشاپ كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئاللىقانداق بىر خىل تىلسىماتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا يەتتە يىگىت يەتتە قىزلار مازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر خىل شەكىلدىكى تاش، شەكىللەر بۇ جايدا، ئەينى بىر زاماندا كىشىلەر ھايات كۆچۈرگەن، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بەلگىلىك ئاساس يارىتىدۇ.

ئەمما، يەتتە يىگىت يەتتە قىزلار كىم؟ قاچان؟ قايسى دەۋردە ياشىغان؟ ئۇلار قانداق قىلىپ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن؟ دېگەندەك سوئاللار تېخىچە جاۋاب تېپىلمىدى. خەلق ئارىسىدا، بۇ ھەقتە ھەر خىل رىۋايەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ

قىلغان بولۇپ، تەگرى تېغىنىڭ مۇشۇ جايىدىكى قىسمىنى ئىككىگە ئايرىپ، ئۇزۇن كەتكەن تەبىئىي تاغ كارىدو- رىنى ھاسىل قىلغان. غەربىي تاغنىڭ ئۈستىگە يەتتە يىگىت- لەر مازىرى، شەرقىي تاغنىڭ ئۈستىگە يەتتە قىزلار مازىرى، جايلاشقان. غەربىي تاغدىكى يەتتە يىگىتلەر قەۋرىسى - ئادەتتە ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى ئېگىزلىكى 2 - 3 مېتر كې- لىدىغان تىك شەكىلدىكى يەتتە چوققىدىن ئىبارەت. شەر- قىي تاغدىكى يەتتە قىزلار قەۋرىسى بولسا شەرق تەرەپ- تىكى مازار بولۇپ، ئۇلارمۇ يەتتە چوققىدىن ئىبارەت.قارى- ماققا بۇ يەتتە يىگىت بىلەن يەتتە قىزلار ئۆز ئارا قا- رىشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ.

يەتتەقىزلار مازىرىنىڭ يېنىدا 1000 كىشى پاتقىدەك سۇپاۋەخانىقا بار بولۇپ،بۇ جاينى قەدىمقى دەۋردىكى كىشى- لەرنىڭ تىلاۋەت قىلىدىغان ئورنى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا سانسىزلىغان قەۋرىلەر ئورۇنلاشقان بولۇپ بە- زىلىرىگە تولۇق ياسالغان. بىر قىسىم قەۋرىلەر گۈمبەزئى- چىگە ئېلىنغان.

مەيلى غەربىي تاغدىكى يەتتەيىگىتلەر مازىرىدا بول- سۇن، مەيلىشەرقىي تاغدىكى يەتتە قىزلار مازارىدا بولسۇن ئوخشاش بولمىغان كۆرۈنۈشتىكى ھاياتلىق بەلگىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: يەتتە يىگىتلەر مازىرىدا بىر مۇنچە تاش ئۆيئىمارەتلەربار بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىگە

مىنى نىيازغا ئۆزگەرتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى.

4) ئۇزۇندىچە پەرزەنت كۆرمىگەن ئاياللار بۇ مازارغا چىقىپ تاۋاپ قىلىپ، سەدىقە ـ ساخاۋەت قىلدى. بەل تاڭدۇرۇش، تۈنەپ تەلەپ قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى. بۇ چاغدا شەيخلەر ئۇلارغا «يەتتە قىز يەتتە يىگىتلەردەك پەرزەنتلىك بولغايسىز» دەپ تىلەك تىلەيتتى ۋە باشقىلار.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا يەتتە يىگىت يەتتە قىزلار مازىرىنىڭ خەلقىمىز تارىخىدىكى مۇھىم يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ھەممە كىشىنىڭ بۇ جاينى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئەزىزلەپ تاۋاپ قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«يەتتە يىگىت، يەتتە قىزلار مازىرى» ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا، ھەقىقىي يورۇتۇپ بېرىش، بۇ ھەقتىكى يېشىلمىگەن سىرلارنى ئېچىپ، ھەقىقىي تارىخىي ۋە ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا زور كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەتراپلىق، ئەستايىدىل ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بىز يۇقىرىدىكى يۈزەكى تەكشۈرۈشلەردىن شۇنى قەيت قىلالايمىزكى: بۇنىڭدىن خېلى ئىلگىرى ئۆتكەن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇ دۇنياغا ئىتائەت قىلغان دەۋرلەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلامىيەت دەۋرلىرىدە مۇشۇ جايدا ھايات كە-

كۆپىنچىسىدە «يەتتە يىگىت، يەتتە قىز لار ھازىرمۇ ھايات» ئۇلار ھەر كېچىسى سوقۇشىلىشا (ئىككى ئۆستەڭنىڭ شىمال ۋە شەرق-تىن كېلىپ قوشۇلىدىغان جاي) ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ دېگەن قاراش ھېكايە قىلىنىپ، ئۆتكەندە قانداقتۇر بىر كىشى كېچىدە ئۆستەڭ بويىدا ئۇلارنى كۆرۈپتۇ - دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ.

خېلى ئۇزاق يىللاردىن تارتىپ تاھازىرغىچە بۇ جايدا ياشاۋاتقان خەلق ئاممىسى مەيلى مىللىي دىنىي ئېتىقادى-نىڭ كۈچىدىن بولسۇن، مەيلى تارىخىي ئەنئەنىسى ئۇلۇغ-لاش كۆز قارىشىنىڭ تەسىرىدىن بولسۇن بۇ جاينى تاشلىۋەت-مىدى. ھەر يىلى ھېيت - بايراملاردا، ياكى ھەپتىنىڭ پەيشەنبە، شەنبە كۈنلىرى بۇ جايغا يىغىلىپ تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەتلەردىن مۇھىمراقلىرى:

1) ھەر يىلى ئىككى قېتىملىق ھەيتاھېيتتا يۇرت خەلقى بۇ مازارغا يىغىلىپ، ناماز ئوقۇپ، داش قاينىتىپ، ھەممە كىشىگە ئاش تاماق بېرەتتى، بەزىلىرى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا سەدىقە تارقىتاتتى. بۇ ئىشتا بىلىم ئەھلىلىرى، يېتىم - يېسىرلار ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىناتتى.

2) ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە، شەنبە كۈنلىرى بىر-مۇنچە كىشى مازارغا كېلىپ، دۇئا تىلاۋەت قىلىپ قايتىشاتتى.

3) بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەردە «نىيازمەنلىك» تەزىيىسى ئۆتكۈزۈپ، بالا - ۋاقىلىرىنىڭ بىرەرىنىڭ ئىس-

# بىزنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىمىز

تارىختىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز تەرەققىيات تارىخى داۋامىدا چەكسىز جاپالىق، ئەگىر - توقاي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن پارلاق مول مەدەنىي بايلىقلارنى ياراتقۇچى ئالىملار، يازغۇچىلار، مۇتەپەككۇر شائىرلار، مائارىپچىلار ۋە باشقىلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھى قىياپىتىنى نامايەن قىلغۇچى ئۆچمەس تۆھپىلىرى ئارقىلىق خەلقىمىز قەلبىدىن ئەبەدىي ئورۇن ئالغان.

جۇملىدىن ناھىيىمىز پىچاندىمۇ، ئىجتىمائىي جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىمۇ بۇ ئۈزۈلمەس ئېقىمدا مەشھۇر يازغۇچى، سەنئەتكارلار، شائىرلار، مائارىپ - مەدەنىيەتپەرۋەر زاتلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. گەرچە ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئىجتىمائىي ئېڭىدا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللار بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۆلمەس

چۈرگەن. ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھ-
پە قوشقان. ئۇلار بۇ يەردە تۈرلۈك ئۆي - ئىمارەتلەرنى
سېلىپ، باغلارنى بىنا قىلىپ، زىرائەت تېرىپ، ئۆزلىرى-
نىڭ يۈكسەك ئەقلى - پاراسىتىنى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى نا-
مايەن قىلغان.

يەتتەيىگىت يەتتە قىزلارنىڭ سىماسى ئارقىلىق يۈكسەك
پاك ئىنسانى مۇھەببەت داستانىنى ياراتقان.

ئۇنىڭدىن باشقا بىزيەنە «يەتتەيىگىت يەتتە قىزلارمازى-
رى» نى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى
خەلقىمىزنىڭ ھاياتى. تۇرمۇش شەكلى، دىنى خاھىشى،
ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇ-
سۇلى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىقلار جەھەتتە بەل-
گىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

چۈنكى ۋاقىتلىق مەدرىسىگە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلەنگەن ھەمدە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئەلەم ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىنىمۇ بىرگە بېجىرگەن. ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 20 يېشىدىن باشلاپ قىسۇرى (ئاجىز، ناچار، ئەيىبلىك) دېگەن تەخەللۇس بىلەن كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان.

شائىر قىسۇرى ئۆزىنىڭ ئىلمىي، ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا كۆپلىگەن لىرىك غەزەل، مۇخەممەسلەرنى يازغان، جۈملىدىن «ۋاڭلارغا نەسىھەت» ناملىق شېئىرىدا ۋاڭلاردىن ئادىل، توغرا بولۇشنى، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىشنى، ھەققانىيەتنى ياقلاپ پۇقرالارغا باشپاناھ بولۇشنى نەسىھەت قىلغان. 1802 - يىلى مەشھۇر دىداكتىك داستان «رەۋزەتۇززوھرا» نى يېزىپ تاماملىغان. شائىر بۇ داستاندا چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىپ، ناپاكلىق، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىكتىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە «ئىلىم ھەققىدە»، «تەنبىھ»، «لۇكچۈن دۆلەتباغ ھەققىدە مۇخەممەس»، «ئەسھابۇل كەھب ھەققىدە مۇخەممەس»، «تىلەك»، «ئەفرىدۇن ۋاڭغا نەسىھەت» ناملىق لىرىك شېئىرلار بار.

شائىر يەنە تەرجىمە ئىشلىرىغىمۇ كىرىشىپ، ئەرەب تىلىدىكى «تارىخىي بوردىيە»، «تارىخىي ئەسھابۇل كەھب»

ئەسەرلىرىنى، خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، مەدەنىيەت - مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئەلنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى جاپالىق ئەجرىنى ئۇنتۇپ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

تۆۋەندە مەن ناھىيىمىزدىن چىققان بىر قىسىم مەشھۇر ئەدىپ، سەنئەتكار، مائارىپچى، مەدەنىيەتپەرۋەر كىشىلەر ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن:

**شائىر — ئەخمەت خوجانىياز ئوغلى — قىسۇرى**

مىلادى 1717 - يىلى پىچان ناھىيە لۈكچۈن رايونى بازار مەدرىس ئالدى مەھەللىسىدە بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەلۇماتىنى ئۆز ئاتىسىدىن ئالغان، ئۇ كىشى ئوغلىنىڭ تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، شائىر دەسلەپ لۈكچۈن «جاھاننامە» مەدرىسىدە، كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىن جاھاننامە مەدرىسىدە مۇدەررىس بولغان. ئۇ ئەرەب - پارس تىلىنى پىششىق بىلگەندىن تاشقىرى ئۇيغۇر ئەدىپلىرىنىڭ ئىلمىي، بەدىئىي ئەسەرلىرىنى ھەمدە شەرق ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى، ئۇلارنىڭ نامايەندىلىرى ھەققىدىمۇ ياخشى مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە ئۆز ئىجادىيىتىنى باشلىۋەتكەن.

ئەخمەت خوجانىياز ئوغلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى تاماملاپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لۈك-

قوشۇلۇپ موللا زەيدىن دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.
موللا زەيدىن ياشىغان دەۋردە زالىم ۋاڭلارنىڭ،
ئەمەلدارلارنىڭ، روھانى موللا، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئەمگەكچى
خەلق ئۈستىگە سېلىۋاتقان زۇلۇمى ھەددىدىن ئاشقان.
خەلق ئېتىقۇسىز جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەرگە چۈشۈپ
قالغان ئىدى. شۇڭا موللا زەيدىنىنىڭ قەلبىدە زالىملارغا
قارشى كۈچلۈك نەپرەت، خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن چەك-
سىز ھېسداشلىق تۇيغۇسى ئويغانغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرى-
كى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى، ئىرادە ۋە
غايىسى بىلەن يانغان ئىدى. شۇ خىل كۈچلۈك روھنىڭ
تەسىردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر يۇمۇرىستىك چاقچاقلىرى ئار-
قىلىق زالىم ۋاڭلارغا، ئاچكۆز پارىخور ئەمەلدارلارغا، ئال-
دامچى ساختىپەز روھانىلارغا، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرگە قار-
شى جەڭ ئېلان قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ دەرت ـ ھەس-
رەتلىرىگە ئېچىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەققانى تەلەپ، ئارزۇ ـ
ئۈمىدلىرىنى ھىمايە قىلدى.
ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى
مول، قۇرۇلۇشى ئىخچام، تىلى راۋان ـ قىزىقارلىق بو-
لۇپ، ئۆتكۈر، ئاچچىق مەسخىرلىرى دۈشمەنگە كۈچلۈك
زەربە بولۇپ، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان يېقىملىق چاقچاقلىرى
خەلقنىڭ قەلبىگە يورۇقلۇق ۋە راھەت بېغىشلايتتى. شۇڭا
ئۇنىڭ لەتىپىلىرى دەۋرىدىن دەۋرىگە، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا

قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم - پەن، شېئىرىيەتكە بېغىشلىغان ئەخمەت خوجانىياز ئوغلى قىسسۇرى مىلادى 1827 - يىلى لۈكچۈندە 110 يېشىدا ۋاپات بولغان. قەۋرىسى تۇيۇق ئەسھابۇل كەھىبنىڭ يېنىغا قويۇلغان. شائىرنىڭ «رەۋزەتوز-زوھرا» داستانىنىڭ بىر قىسمى ئەدىب ئىمىن سەيپۇللا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىلى 2 - ئاي سانىغا بېسىلغان ئىدى. 1990 - يىلى 3 - ئايدا بۇ داستاننىڭ تولۇق نۇسخىسى ھەم بىر قىسىم شېئىرلار يەنە ئىمىن سەيپۇللانىڭ تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

## ئاتاغلىق خەلق قىزىقچىسى ـ موللازەيدىن

داڭلىق خەلق قىزىقچىسى موللازەيدىن 1815 - يىل-لار ئەتراپىدا لۈكچۈننىڭ باغرا يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدە بىر خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ساۋادىنى چىقىرىپ، 11 يېشىدا لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇغان. 17 ياشتا ئەرەب تىلىنى تولۇق ئۆگىنىپ بولۇپ، ناۋايى، سوپى ئاللايار، قول خوجا ئەخمەت، شامەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ كۆپلىگەن قەسىدە، مۇناجات، شېئىرلىرىنى ياتقا ئوقۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن موللىلاردىن بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ زەيدىن دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىغا «موللا» دېگەن نام

# تەڭرى تاغ تېغىدا باندىت تازىلاش

## سىتىنىياز نۇرسۇن

شىنجاڭ 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تىنچ، خاتىرجەم ئۆز ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ بەختلىك تۇرمۇش ۋە گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمەتلىرىنى قوغداپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى. پارتىيىمىز، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش، دېھقانلارنى يەرگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى قەد كۆتۈرۈش جېڭى قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ

كۆچۈپ، نەشىردىن ئەپەندى، سەلەي چاقىقان قات-
تارلىقلارنىڭ نامى بىلەن بىرگە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ،
خەلق ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە
بولماقتا.

موللا زەيدىن تەخمىنەن 1880 - يىللار ئەتراپىدا
ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما خەلق پەرۋەرلىككە
ئىگە لەتىپىلىرى خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ-لا
قالماي، دەرسلىك قوللانمىلارغا كىرگۈزۈلۈپ، تېلېۋىزىيە
فىلىمى قىلىپ ئىشلىنىپ، خەلقنى تەربىيىلەش رولىنى
جارى قىلدۇرماقتا.

كېلىپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، باندىت تازىلاش خىزمىتىنى باشلىدى. بۇ جەرياندا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كاماندىر جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىز جان تىكىپ كۆرەش قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆمەرجاندەك باتۇر، قەھرىمان شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۆرتەڭدە: 1950 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنداڭنىڭ گۇچۇڭ قىسىملىرىدىن قاچقان بىر قىسىم ئەكسىيەتچىلەر ناھىيىمىزنىڭ ئۆرتەڭ ئېغىزىغا كېلىپ ئىككى ئائىلىنى بۇلىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پارتىيە كومىتېتى دەرھال خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 48 - تۇەن 2 - لىيەنىنىڭ بىر پەي جەڭچىسىنى قوراللىق ساقچى ئەترەت، خاندۇ پەيچۇسورنىڭ يېڭى قوبۇل قىلىنغان 24 نەپەر جەڭچىسىنى ئۆمەرجان، ئىسمايىل شايىت، كېرەم نىياز، تىيىپ ھامۇتنىياز قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا جەڭگە ئاتلاندۇردى.

ئۇلار ئىككى ماشىنا بىلەن ئۆرتەڭ ئېغىزىغا قاراپ مېڭىش يولىدا باقىمغا بارغاندا قاچقۇن ئەسكەرلەرنىڭ باقىمدا چۈشكۈن قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ جاي- نى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ يەردە قاتتىق جەڭ بولدى. ئارمىيىمىز جەڭ قىلغاچ باندىتلارغا سىياسەتنى تەشۋىق قىلدى. بۇ جەڭدە باندىتلاردىن 15 نەپەر ئاتلىق ئەس-

كۆلەمدە، داغ ـ دۇغىلىق قانات يايدۇرۇۋەتتى.

خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلى شادلىققا چۆمۈپ، دېموك-
راتىك ئىنقىلابىنىڭ قايىنام تاشقىنلىق يېڭى ۋەزىيىتى
يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر پەيتتە، ئۆزلىرىنىڭ
مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن ئەكسىيەتچىلەر قوتۇراشقا،
خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا، خەلقنىڭ غەلىبە مېۋى-
نى تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت باشلىدى.

1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گومىنداڭ-
نىڭ كوچۇڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 5 ـ كورپۇسىنىڭ بىر
قىسىم جاھىل ئونسۇرلىرى خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قى-
لىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزدى. باندىت ئوسمان ۋە
ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۇلار بىلەن جىددىي ماسلىشىپ، پارتى-
يە ۋە خەلققە قارشى قوراللىق ئەكسىلئىنقىلابىي توپى-
لاڭنى باشلىدى.

ناھىيىمىزدە، پومېشچىك زومىگەرلەر ۋە ئەكسى-
يەتچىلەر مەخپىي تەشكىل قۇرۇپ، قوراللىق توپىلاڭ قى-
لىشقا تەييارلىق قىلىپ خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش
خام ـ خىيالىدا بولدى. خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائا-
لىيەتلىرىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارنى سالدى.

ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى يۇقىرىقى بىر قاتار
ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردىن خەۋەر تېپىپ، خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسى، خەلق ۋە كادىر ساقچىلىرىنى تەش-

لىپ بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. قورال-
لىق ساقچى ئەترىتىدىن مۇھەممەت نىياز، ئۆمەرجان،
كېرەم نىياز قاتارلىق 36 نەپەر جەڭچى چىقتىم يېزىسى-
دىن قۇربان نەمەت باشچىلىقىدا بىر قىسىم خەلق ئە-
سكەرلىرى 6 لىنىيىگە بۆلۈنۈپ قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ
بىر نەپەر باندىتنى يارىدار قىلىپ 3 نەپەر باندىتنى
ئەسىرگە ئېلىپ 7 ئات، ئىككى تۆگىنى غەنىمەت ئېلىپ
باندىتلارنى لاڭگۇدىن قاچۇرۇۋەتتى.

بۇ جەڭدە ئۆمەرجان ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى.

## تۇر سېلىش

1951 - يىلى يازدا ناھىيىمىزنىڭ تاغ ئېغىزلىرىغا
تۇر سېلىش ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئورۇنلاشتۇرۇشقا
ئاساسەن، كەرچى، كۆكيار، ئۆرتەڭ ئېغىزى قاتارلىق 3
ئېغىزغا 3 تۇر سېلىندى. بۇ تۇرلارنى خەلق ساقچىلىرى،
يەرلىك خەلق بىرلىشىپ سالدى. تۇرلار ھەممە تەرەپ
ئاشكارا كۆرۈنىدىغان مۇھىم ئورۇنلارغا سېلىندى. بۇنىڭ
ئىچىدە كۆكياردىكى تاشچىلار تېغىنىڭ يېنىغا سېلىنغان
تۇر بىر قەدەر جاپالىق ئەمگەك ھېسابىغا پۈتتى.

بۇ تۇر باشقا جايلاردىن ئېگىز بىر دۆڭگە سېلى-
نىپ، بىر يېرىم كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خابادىن يەر يۇقىرى-
سىغا تاش - توپا، سۇ كۆتۈرۈپ ئەپچىقىپ پۈتكۈزۈلدى.

بۇ قۇرۇلۇشتىمۇ ئۆمەرجان ئىشنىڭ ئېغىرىنى تال-

كەر ئەسىركە ئېلىندى، بىر نەپىرى كۆكيار تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

قاچقۇننى تۇتۇش ئۈچۈن ياڭ پەيجاڭ تېيىپ ھامۇتنىياز سوجاڭلار ئىسمايىل شايىت، كېرەم نىياز ۋە بىر قانچە يېڭى جەڭچىنى قوغلاشقا بۇيرۇپ، ئۇلارنى تىرىك تۇتۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئىككى نەپەر يېڭى ئەسكەر كۆكيار تاشچىلار تېغىدا باندىتنى ئۇچرىتىپ قالدى. جەڭچىلەر مەسلىھەتلىشىپ، ئىسمايىل شايىت، قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا تەييار تۇرغان، كېرەم نىياز ئارقىدىكىلەرنى چاقىرىغاندەك كۆرۈنۈش تاكتىكىسى بىلەن بىر پايمۇ ئوق چىقارماي، ئىككى ئات، بىر تال مىلتىق، بىر قىلىچ، 300 دانە ئوق بىلەن باندىتنى تىرىك ئەسىركە ئالدى.

بۇنۇۋەت 16 نەپەر ئەسىر، بىر دانە پىلىموت، 15 تال مىلتىق، 15 تال قىلىچ، 16 ئات غەنىمەت ئېلىندى. جەڭچىلەر غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەندە، خەلق ئازادلىق ئارمىيە شتابى ئۇلارنى بىر ئات، 1000 دانە ئوق بىلەن مۇكاپاتلىدى.

## لاڭسۇدا

1951 - يىلى 2 - ئايدا، ئوسماننىڭ نەچچە يۈز ئادىمى ناھىيىمىزنىڭ چارۋىچىلىق رايونى لاڭسۇغا كې-

## ئۆرتەك ئارشاگدىكى ئۇرۇش ۋە ئۆمەرجان

ناھىيىلىك پارتكوم چالقان تېغىدىكى باندىتلار تو-
پىنى يوقىتىش ئۈچۈن، قومۇلدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسىنىڭ 16 - دېۋىزىيەسى بىلەن ئالاقىلاشتى.

16 - دېۋىزىيە 48 - تۈەن 3 - يىڭنى يۆتكەپ
كېلىپ، ناھىيىدىكى قوراللىق ساقچى ئەترەتتىكىلەر بى-
لەن بىرلىشىپ باندىت تازىلاشنى ئورۇنلاشتۇردى. 48 -
تۈەندىكى كاماندىر سەنخور (لەقىمى، بىر كۆزى ئورۇش-
تا مېيىپ بولغان) 3 - يىڭنىڭ يىڭجاڭى زەي، 6- لەن-
نىڭ لەنجاڭى لولەنجاڭ قاتارلىق 180 ئادەم بىزنىڭ
ساقچى ئەترەتتىن، مۇھەممەتنىياز، ئۆمەرجان، كېرەم
نىياز قاتارلىق بىر بەن ئادەم قوشۇلۇپ باندىت تازى-
لاش قوشۇنى قىلىنىپ تەشكىللەندى. بۇ قوشۇن كۆكيار-
دا قوراللىق ساقچى ئەترەتتىن بىر بەن، خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسىدىن بىر بەننى كۈزەتتە تۇرغۇزدى.

ئۆرتەك ئېغىزىدا بىر لەننى تۇرغۇزۇپ باندىتلار-
نىڭ ھەرىكەت يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

1952 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چالقاندى-
كى ئوسمان بوجاڭ، ئۆرتەك ئېغىزىغا كېلىپ ئامىنى
قايمۇقتۇرۇپ بارات جۇرىنى ئالداپ ۋە پوپوزا قىلىپ
ئۆزلىرىگە قوشتى، بۇلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ ئالغان
بۇ كىشى كېچىسى پۇرسەت تېپىپ قېچىپ ناھىيىگە كى-

لاپ، ھېرىپ چارچاشتىن قورقماي باشقىلارغا باشلامچى بو-
لۇپ تۆھپە ياراتتى.

## لۆكچۆندە:

1951 - يىلى قىش، 1952 - يىلى ئەتىيازدا ناھى-
يىمىزدە، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتى ئېلىپ بې-
رىلدى. بۇ خىزمەتكە لۆكچۆن رايونىدا، پومىششىك ۋە
ئاز سادىنكى ئەكسىيەتچىلەر مەخپىي قوراللىق تەشكىل
قۇرۇپ قارشى چىقتى ۋە يېڭى خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغ-
دۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ناھى-
يىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ ئەنزىنى
تېزدىن پاش قىلىپ قولغا ئالىندىغانىنى قولغا ئېلىپ، 50
تىن ئارتۇق پومىشچىك ئەكسىيەتچىلەرنى جازالىدى.

بۇ تەشكىلاتقا نىياز بوجاڭ، نەمتۇل ھاجى، شى-
رىپ توقاي، ئىبراھىم سەيپۇل، ھېزىز بوجاڭ، پولات
بوجاڭ، قاسىم بوجاڭ قاتارلىق كىشىلەر قاتناشقان.
نەمتۇل ھاجى، شىرىپ توقايلار قېچىپ كەتكەن. ئۇلار
چالقان تېغىغا چىقىپ، چالقان تېغىدىكى باندىت ئوسمان
بوجاڭنىڭ باندىتلار توپىغا قوشۇلۇپ، كېيىن ناھىيىمىز-
نىڭ چىقتىم، دالانكارىز، 5 تام، سۇۋېشى ۋە سىڭگىملەر-
گە چۆشۆپ، بۇلاڭ - تالاڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللى-
نىپ پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى.

بىلدۈرگەن.

ئۆمەرجان شۇ ۋاقىتتا «بۇ يەر مۇرەككەپ كېچە-سى خەتەرلىك» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەيجاڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلماي ئادەملەرنى 3 كە بۆلۈپ باندىتلارنى قورشاپ تىرىك تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۆمەرجان بۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىدىن بىر بەن ئادەمنى باشلاپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان باندىتلار ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغاچقا قوشۇن يېتىپ كېلىشى بىلەن ئوق چىقىرىپ بىزنىڭ ئارمىيىمىزگە زەربە بەرگەن. بۇ ئۇرۇشتا ئۆمەرجانغا ئوق تېگىپ يارىدار بولغان. ئۆمەرجان ئۆزىنىڭ يارىلىنىشىغا قارىماي ئەپلىك جايغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ 37 پاي ئوق ئېتىپ ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىگەن. باندىتلار ئاخىرى ئېگىزدىن ۋە ئارقا تەرەپلىرىدىن قورشاپ كېلىپ يەنە بىر قېتىم زەخىملەندۈرگەن 26 ياشلىق ئۆمەرجان قورالنى باندىتلارغا تاپشۇرۇپ قويماسلىقنى، خەلققە بولغان ساداقەتلىكىنى ئىپادىلەپ مىلتىقنى ئۇرۇپ قوندىقىنى چې-

① ئۆمەرجان — غۇلجىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئازادلىق ھارپىدا ناھىيىمىزنىڭ قوراللىق ساقچى ئەترىتىگە خىزمەتكە كىرگەن 1952 - يىلى ئۆمەرجاننىڭ جەسىتى. ناھىيىمىزگە ئېلىپ كېلىنىپ ئۇلۇغۋار مازارىغا دەپنە قىلىندى. مەرھۇمغا «ئىنقىلابى قۇربان» دەپ نام بېرىلدى.

لىپ رەھبەرلىككە ئەھۋالنى دوكلات قىلغان.

1952 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تازىلاش قىسىملىرىمىز ئۆرتەڭ ئېغىزىغا چىقىپ ئۆرتەڭ ئېغىزىنىڭ تۆۋەن مەھەللە دېگەن جايىدا باندىتلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 50 نەچچە ئادەمنى ئۇچراتقان. بۇ چاغدا بىزنىڭ ساقچى ئەترەتلىرىمىز بۇ كىشىلەرنى خەلق بار يەرگە ئېلىپ كېتىپ، باندىتلارنى يىتىم قالدۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەندە، لولەنجاڭ «بۇيرۇق يىرق» دەپ قوشۇلمىغان، تۆەنجاڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېچىسى بىر پەي ئازادلىق ئارمىيە، بىر بەن قوراللىق ساقچىنى بويرۇپ ھېلىقى كىشىلەرنى ئېلىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، لېكىن بۇلار يېتىپ بارغىچە باندىتلار بۇ كىشىلەرنى شەرتوقاي، دېگەن جايىغا كۆچۈرۈپ يوشۇرۇپ قويغان.

ئوسمان بوجاڭ ئىشنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ تۆۋەن مەھەللىدە باندىت سىدىقنى قالدۇرۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ، كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئالداپ ئارشاڭغا باشلاپ چىقىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان.

ئارمىيىمىز يېتىپ كېلىشكە، سىدىق «مەن باندىتلار بار جاينى بىلىمەن ئۇلار ھازىر ئۇخلاق، مەن سىلەرنى باشلاپ باراي» دەپ يول باشلاش «نىيىتىنى»

ۋاقىتتا ئىسمائىل شايىت، سىدىق روزىغا «سەن خەتنى
ئارمىيىگە تاپشۇرۇپ بەرگىن. مەن يالغۇز ئۆزۈم بان-
دىتلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىمەن. ئازادلىق ئارمىيە مۇشۇ
ئەتراپتا» دەپ، سىدىق روزىنى يولغا سالىدۇ. ئۆزى
ئوبدان جايغا ئورۇنلىشىپ ئېلىپ باندىتلار بىلەن 2
سائەتتىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلىپ 90 پاي ئوق ئاتىدۇ.
دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرىدۇ. ئىسمائىل شايىت باندىت-
لار بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا تازىلاش قىسمىلىرىمىز يېتىپ
كېلىدۇ.

مەھەممەتنىياز قاتارلىق قوراللىق ساقچى ئەترەت-
نىڭ جەڭچىلىرى باندىتلارغا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆ-
تۈپ، ئۇلارنى چېكىندۈرىدۇ. شۇ بىر كۈندە باندىتلار
بىلەن 9 قېتىم ئۇرۇش قىلىدۇ. بىر باندىتنى يارىدار
قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىقتىمدىن بولاپ چىققان 70 دانە
ئات، خېچىرنى تارتىۋالىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا 4 نەپەر ئاتلىق
ئارمىيە جەڭچىسى 7 نەپەر جەڭچى يارىدار بولىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا پارتىيىمىزنىڭ باندىتلارغا قارىتا
سىياسىتى، ئۇلار ئوق چىقىرىپ قارشىلاشسا ئوق چىقى-
رىش، ئامال بار سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ ھەقىقەتكە
قايتۇرۇش. ئۇلارنى «قايمۇققانلار» دەپ قاراش ئىدى،
ئازادلىق ئارمىيە ۋە ساقچى قىسىملىرىمىز بۇ يولىيورۇق
بويىچە قۇربان بەرسىمۇ سىلۇيگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

قىپ تاشلىغان. بۇنى كۆرگەن باندىتلار ئۆمەرجاننىڭ بېشىغا تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. بۇ ئۇرۇشتا پەيجاڭ يەنە 3 نەپەر جەڭچى قۇربان بولغان.

باندىتلار ئۇرۇشتىن كېيىن چالقان تاققا قېچىپ كەتكەن.

1952 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چالقانغا قېچىپ كەتكەن باندىتلارنى تازىلاش قىسىملىرىمىز قوغلاپ بېرىپ چالقان تېغىنىڭ «چىمەن» دېگەن يېرىدە ئۇرۇشۇپ ئۇلار بۇلاپ يىغىۋالغان 500 قوتازنى تارتىۋالغان. باندىتلار قېچىپ كەتكەن.

## «يالپاق تاشتا»

1952 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يالپاق تاشتا ① باندىتلار ناھىيىمىزدىن مورى ناھىيىسىگە ئالما ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان توختىنىياز توختى، سېيتنىياز مەمەت، ئابدۇل قاتارلىق 10 نەپەر دېھقاننىڭ 30 ئېشىكىدىكى ئالمىسىنى مال بوغۇزى كىيىم - كېچەكلىرىگىچە بۇلىغان. شۇ ۋاقىتتا قوراللىق ساقچى ئەترىتىدىن ئىسمائىل شايىت، سىدىق روزىلار ئالدىنقى سەپ قوشۇنىغا خەت ئالاقە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇلار يالپاق تاشتا باندىتلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ

① يالپاق تاش كەرجى ئېغىزىنىڭ يېنىدىكى بىر جاي.

ئېتىلاتتى، شۇڭا باندىتلار جەردە ئات مىنگەن جاڭچىنى
كۆرگەندە بەدەر قاچاتتى.

## «غەلىبە بىلەن قايتىش»

1952 - يىلىنىڭ ئاخىرى، باندىت تازىلاش قوشۇ-
نىمىز چالقان تېغىدىكى باندىتلارنى تەسلىم قىلىپ ئۇ-
لار ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، كۆكيار، كەرچى، ئۆر-
تەڭ ئېغىزى، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ چالقان تاغ، يوغان
تېرەك، سەنسەنكو، شور بۇلاق، قاراڭغۇ غولدا سالغان
8 تۇرنى چۇۋۇپ ئېتىپ غەلىبە بىلەن قايتىپ
كەلدى.

## «بەزى تارىخىي ۋەقەلەر»

1952 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى باندىت-
لارنىڭ بىر قىسمى مورى ناھىيىسىدە قورال تاپشۇرۇپ
ھەقىقەتكە قايتىدۇ.

ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ناھىيىمىزدىن قېچىپ
چىقىپ باندىت بولغان نەمتۇل ھاجى، شېرىپ توقايلار-
نى قايتۇرۇپ كېلىپ ئائىلىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن،
سەمەت نىياز، روزى تالىپ، نىياز ئەخمەت قاتارلىق
ساقچى كادىرلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار، نەمتۇل ھاجى،
شېرىپ توقايلارنى ئېلىپ فەن ئوپاغە كەلگەندە كەچ
بولۇپ كېتىپ قونۇپ قالىدۇ.

## تارلاڭ ئۇرۇشى ۋە مۇھەممەتنىياز

1952 - يىلى 9 - ئايدا تۇرپان ناھىيىسىنىڭ تارلاڭ ئېغىزى ئالتۇن غولىدا باندىتلارنىڭ تەمىنات ئورنى بار بولۇپ، بۇ يەرنى سولايمان نەمەت دېگەن كىشى ساقلايتتى. بۇ كۈنى بۇ جايغا مۇھەممەتنىياز بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇشتىن كېيىن باردى. سېزىپ قالغان سولايمان ئوق چىقارماقچى بولغاندا، مۇھەممەت نىياز چەپدەسلىك بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، سولايمان بىلەن قوچاقلىشا جەڭ قىلىشىدۇ. ئاڭغىچە بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ بىر چېجور مىلتىق، 70 تال ئوق، 40 دانە ئات 1600 تۇياق قوي غەنىمەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن باندىتلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئورنى ۋە مەخپىي ئالاقە باغلاش پونكىتىنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ.

1952 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مۇھەممەتنىياز چالقان تېغىدا ئىككى تال گرانات بىلەن 50 دىن ئارتۇق باندىتنىڭ ئۇچىغا كىرىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدۇ. نەتىجىدە باندىتلار تەسلىم بولۇپ، 54 ئادەم 30 تال چېجور - شاپەنجو مىلتىق، 2 ئاپتومات، 3 تال قارا مىلتىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىدۇ.

مۇھەممەت نىياز جەڭدە ئات مىنەتتى. ئۇ باندىتلارنى ئۇچراتقاندا سەپنىڭ ئالدىدا خۇددى يولۋاستەك

نىسىمىزدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى يىغىن ئېچىپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش ئىشىنى ئېلىپ باردۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى مۇھەممەت نىيازنى 1 - دەرىجىدە خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىپ، بىر مېدال ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىمۇ مېدال بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرى لو رۇيچىڭ بۇجاڭلار قوبۇل قىلدى.

مۇھەممەت نىياز 1956 - يىلى 6 - ئايدا سانجىدا ھەربىي مەشق ئېلىپ بېرىۋاتقاندا بىر نەپەر موڭغۇل جەڭچىنى گەۋدىسى بىلەن قوغداش يولىدا ئۆزى يارىلىنىپ، بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ 2 - دەرىجىلىك مېيىپ بولۇپ قالدى.

لېكىن بۇ ئىككى كىشى نىيىتىنى بۇزۇپ كادىر ساقچىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ يەنە باندىت بولۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇيىغا كىرىپ چىقىپ گۇمانلىق ھەرىكەت-لەردە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى كادىر جەڭچىلىرىمىزنى سەگەكلەشتۈرىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا مۇن-داق ۋەقە يۈز بېرىدۇ. نەمتۇل ھاجى تاماكا چېكمەن دەپ سەمەت نىيازدىن تاماكا سورايدۇ، سەمەت نىياز قولىنى يانچۇغىغا سېلىش بىلەن، ئۇ سەمەت نىياز-نىڭ كىكىرتىكىنى سىقىپ پىچاق بىلەن مۇرە، سول بىلەك، پىشانىلىرىگە ئۇرىدۇ.

شىرىپ توقاي ئىككى مېتىردەك ئۇزۇنلۇقتىكى ئوت كۆيىۋاتقان توقماقنى كۆتۈرۈپ پوستا تۇرغان روزى تا-لىپقا ئېتىلىدۇ.

روزى تالىپ «توختا» دەپ بۇيرۇق قىلسىمۇ توخ-تىماي ئالدىغا ماڭىدۇ. 10 مېتىردەك كەينىگە داجىسا يە-نە ماڭىدۇ، ئاخىرى روزى تالىپ مىلتىقتىن ئوق چىقى-رىپ شىرىپ توقاينى جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتىدۇ. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، نەمتۇل ھاجى سەمەت نىيازنى تاش-لاپ قېچىپ كېتىدۇ.

## مۇكاپات ۋە قۇتقۇزۇش يولىدا

1956 - يىلى 2 -، 3 - ئايلاردا ئاپتونوم رايو-

نىڭ بۇ بالا مەدرىسىدە ئىزلا ئۆزىنىڭ ساۋاتىنى چىق-
قىرىدۇ. ئۇ بۇ مەدرىسىدە 1923 - يىلغىچە ئوقۇيدۇ.

بىر ئەتىيازلىقى ئىمەنزايىت ئائىلىسىگە كەلگىنىدە ئۆزى بىلەن تەڭتۇشلەرنىڭ ئېتىز ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئېرىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىغا ھەۋەس قىلىپ قالىدۇ. ئۇ توسۇن ئاتلار قىشۇلغان ھارۋا ھايداشقا قىزىقاتتى. ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتقاندا ئۇلارمۇ قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن زايىت ھارۋا ھەيدەپ چەكخو بولۇپ قالىدۇ. چەكخوچىلىق قىلىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىن - بىرخۇشاللىق ئىش بولۇپ، ئۇ بۇ ئىشنى 1933 - يىلغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

1933 - يىلى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. قۇمۇلدا كۆتۈرۈلگەن غوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابى يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پىچان، تۇرپانلارغا كېڭىيىپ، زور تەسىرلەرنى قوزغاپ، پىچاندىمۇ ئىنقىلاب دولقۇنىنى پەيدا قىلدى. ياش ئىمىن ئەزەلدىنلا زۇلۇمغا قارشى روھقا باي بولغاچقا بۇ ئىنقىلابنىڭ سىرتىدا قالمىدى. 1933 - يىل 1 - ئايدا ماشىنىڭ، تۆمۈر (يىڭجاڭ) لەر پىچانغا كەلگەندە ئۇ قىزغىنلىق بىلەن قوزغىلاڭغا قاتناشتى.

1933 - يىلى 3 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى غەلىبە بىلەن پىچانغا كەلگەندە ئىمىن زايىت تۇرپان ئاستانىدى-

# ھۆرمەتلىك زات — ئىمىن زايىت

پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى چىلان كارىز-دا پۈتۈن خەلق ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆتكەنكى ئىشلار، ۋە-قەلەرنى ئەسلىتىدىغان سورۇنلار بولسىلا، كىشىلەر زوق-شوق بىلەن تىلغا ئالىدىغان بىر مويسىپىتنىڭ سىماسى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ — ناھىيىمىزدىكى ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان ئاتاقلىق كىشى — ئىمىن شاڭجاڭدۇر.

ئىمىن زايىت 1906 - يىلى تۇيۇق يېزىسىنىڭ چى-لان كارىزدا ھاللىق بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ، 1919-يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان.

ئىمىن زايىت كىچىكىدىلا ناھايىتى قەيسەر، ئىرا-دىلىك، ناھەق ئىشلارنى كۆرسە پەقەت چىداپ تۇرال-مايدىغان، كەمبەغەل - يوقسۇللارغا ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم بېرىدىغان پەزىلەتلەرگە ئىگە ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ. شۇ-ڭا ئۇنى شۇ مەھەللىدىكى تەڭ دىمەتلىكلىرى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. بۇ بالىنىڭ زېرەك چوڭ بولىۋاتقانلىقى-دىن مەمنۇن بولغان ئاتا - ئانىسى ئۇنى كېرەكلىك ئا-دەم قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، 1919 - يىلى لۈكچۈن خانى-لىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. بۇ مەدرىسە شۇ دەۋر-دىكى بىردىن - بىر بىلىم يۇرتى ئىدى. ئۇچۇق زېھ-

بولۇپ قالدى.

گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى 11 بېتىمگە جىـ

لا پىلىق، قىلىپ تېررورلۇق ھەرىكە تلەرنى ئەۋج ئالدۇرغاچقا ئىمىن

شاڭجاڭ 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ، ياڭخىدا يو-

شۇرۇن ياشلار ئىنقىلابىي تەشكىلاتىنى قۇرىدۇ. گومىنـ

داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھەرىكەت ـپۈ-

تۈن ناھىيىمىزدە باشلىنىدۇ.

1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى ئىمىن شاڭـ

جاڭ ئۆز تەشكىلاتىدىكى تۆيۈق ياشلىرىنى باشلاپ لۈكـ

چۈن پەيچوسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ لۈكچۈندىكى ياشلار

ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلات ئەزالىرى بىلەن بىرلىشىپ، پەيـ

چوسىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئۇرۇشتا 12 تال مىلتىق، 1 دا-

نە تاپانچا، 8 تال قىلىچ، 7 ئاتنى غەنىمەت ئالىدۇ. مە-

لۇم ساندا قورال ـ ياراقنا ئىگە بولغان بۇ قوشۇن، 1947ـ

يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى 4 سوقىمىدىكى لىسەنچىلەرگە

ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇرۇشتا 5 تال مىلتىقنى غەنىمەت ئې-

لىپ، 9 نەپەر ئادەمنى ئەسىرگە ئالىدۇ. بۇ ۋاقىتىدا

ئىمىن شاڭجاڭنىڭ ياشلار قوشۇنى 190 ئاتلىق ئادەمگە

يېتىدۇ. ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان قوشۇندىكى ئىنقىلابچىـ

لارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئىمىن شاڭجاڭنى ئۆزلۈكىدىن

تۇەنجاڭ قىلىپ سايلايدۇ.

ئىمىن تۇەنجاڭ 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13ـكۈ-

نكى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى مەخسۇت مۇھىتى تەشكىللىگەن قوشۇنغا قاتنىشىپ، ئاكىسى ئىبراھىم زايىتنىڭ پولكىدا ئەسكەر (پارتىزان) بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ قېتىمدا لۈكچۈن، مورى، جىمسارلاردىكى جەڭشۈرىن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇشلارغا قاتناشتى.

1932 - يىلى 4-ئايدا ئىبراھىم تۇەنجاڭنىڭ ئادەملىرى مورى ناھىيىسىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، جەڭشۈرىن ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلاردىن 50 تال قورالنى غەنىمەت ئالدى. يوغان تېرەك ۋە پىچاندا بولغان ئۇرۇشتا ماشىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، مامۇت مۇھىتى ۋە غوجىنىياز ھاجىلارنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۇنىڭدىن (ماشىنىڭدىن) 50 تال قورال تارتىۋېلىندى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمىن زايىت بىۋاستە قاتناشقان ئىدى. 1937- يىلى مامۇت مۇھىتى چەتئەلگە چىققىپ كەتكەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئىمىن زايىتنى قولغا ئېلىپ 9 يىل قامىدى. 1945 - يىلى قاماقتىن بوشىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

1946 - يىلى 7 - ئايدا، 11 بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېگە خەلقپەرۋەر ئىمىن زايىت تۇيۇق يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى (شاڭجاڭ) قىلىپ سايلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ نامى ئىمىن شاڭجاڭ

شىپ، رەسمىي بىر قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشتى. ئىمىن تۆەن-
جاڭ پارتىزانلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى، 2 - پولكنىڭ
كوماندىرى، ئالدىنقى سەپ قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىش
ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. ئۇ، بۇ جەرياندا گومىنداڭ ئەس-
كەرلىرىنىڭ ھەر خىل توساقلىرىنى تارمار قىلىپ، بىر
قانچە كۈن يول يۈرۈپ، 1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 -
كۈنى ئازاد رايونىغا غەلىبە بىلەن يېتىپ باردى.

ئىمىن تۆەنجاڭ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، مىللىي
ئارمىيىگە قاتنىشىپ، قىلىچ ئىسكادىرونىڭ ئىسكادىرون
كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، كاپىتان دەرىجىلىك (مۇ-
ئاۋىن باتالىئون دەرىجىلىك) ئوفىتسېر بولۇپ، مىللىي
ئارمىيىدە خىزمەت قىلدى.

1948 - يىلى غۇلجىدا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە
ئەزا بولۇپ كىردى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ
تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆز-
گەرتىلدى. كاپىتان ئىمىن زايىت خەلق ئازادلىق ئار-
مىيىسىنىڭ بىر ئوفىتسېرى بولۇپ قالدى.

1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەربىي سەپ-
تىن چېكىنىپ، ئائىلىسى ياشىغان چىلان كارىزغا كېلىپ،
دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قاتنىشىپ كەتتى.

نى سىڭگەن ئېغىزىدىكى گومىنداڭنىڭ بىر باتالىيون ئەس-
كەرىگە تۇرپان پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ھۇجۇم
قىلدۇ. ئۇ بۇ ئۇرۇشتا ئۆزى نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالغان
بىر دىكتار پىلىموت، 3 شىلەنجو مىلتىقنى تەقدىم قىلدۇ.
پارتىزانلارنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىكى قورالى 70 نەچچە مىل-
تىق، 2 ئاپتوماتقا يەتكەن ئىدى.

ئىمىن تۆەنجاڭ 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 -كۈ-
نى ئۆرتەڭ ئېغىزىغا چىقىپ، ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ
پارتىزانلىرى بىلەن بىرلەشتى، ئۇ بىرلەشمە قوشۇننىڭ
ھەيئەت ئەزاسى بولدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى 3 ناھىيە ئىن-
قىلابىي ياشلىرى ئۈچۈشىز شارائىتلارنى ھېسابقا ئېلىپ،
ئىنقىلابىي كۈچلەرنى بىھۇدە قۇربان بېرىشلەردىن ساق-
لاپ قېلىش ئۈچۈن، ئازات رايون - 3 ۋىلايەتكە ئاتلى-
نىدۇ. ئۇلار يۈرۈش سەپىرىدە ئالغۇينى نىشانلايدۇ، لې-
كىن توغرىسۇ، پارچە شاغال دېگەن يەردە گومىنداڭنىڭ ئۇنتىزىم
ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، مۇھاسىرىدە چۈشۈپ قالىدۇ.
مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتە قوشۇنغا ئىمىن تۆەنجاڭ ما-
ھىرلىق بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، ئابدۇراخمان مۇھى-
تىغا كۈچلۈك ھەمدەمدە بولىدۇ.

1947 - يىلى 7-ئاينىڭ 24- كۈنى توخسۇننىڭ كو-
جەي دېگەن جايىدا پىچان، تۇرپان، توخسۇن پارتىزانلىرى ئۇچرۇ-

1980 - يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 4 -، 5 - قېتىملىق كومىتېتلىرىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھەر خىل چاقىرىق، سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تەشۋىقاتچىلىق قىلىدۇ.

ئىمىن شاڭجاڭ ھازىرمۇ تىمەن، ئۇ خەلق ئىچىدىكى يۈكسەك ئىناۋىتى بىلەن يەنىلا ھۆرمەتلىك بىر كىشى بولۇپ كەلمەكتە.

باھاسى 2.80 يۈەن.

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»

باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.